دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# گېزىتچىلىك خاقانى

# پۇلىتسېر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

- مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
- ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن
- داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
- ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
- فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
- گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
- ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچېيوف 8 يۈەن
- ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
- تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9

9 787228 055869 >

定价：80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# گېزىتچىلىك خاقانى
# پۇلىتسېر

ئاپتورى : جاڭ تيەنگاڭ ، لۇجۇنيى

تەرجىمە قىلغۇچى : دىلشات سۇلتان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

报界君王－普拉策：维吾尔文/张天罡、吕俊义编著；迪利夏提·苏利坦译．－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3（2009.4重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.报… Ⅱ.①张… ②吕… ③迪… Ⅲ.普… 生平事迹－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I25

中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第76817号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾克巴尔·艾力 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔，扎米拉 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 祖力喀尔装帧 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 经　　销 | 各地新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 4.375 |
| 版　　次 | 2000年3月第1版 |
| 印　　次 | 2009年4月第2次印刷 |
| 印　　数 | 4001－7000 |
| 总 定 价 | 80.00元 |
| 单　　价 | 8.00元 |

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版、1997年1月第1次印刷本翻译出版

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ــ 2

**گېزىتچىلىك خاقانى ــ پۇلىتسېر**

---

**ئاپتورى:** جاڭ تيەنگاڭ، لو جۇنيى
**تەرجىمە قىلغۇچى:** دىلشات سۇلتان
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئايگۈل ياسىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 ـ 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.375
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 - 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

---

# كىرىش سۆز

كىشىلىك ھايات تەقدىر دەرياسىدا ئاققان سۇغا ئوخشايدۇ، بىزنىڭ مۇقىم ئۆي ـ ماكانىمىز يوق، شۇڭا دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقىقى بىزنىڭ ماكانىمىزدۇر. ۋاقىت تېز ئۆتىدۇ، يولۇچىلار تېز ماڭىدۇ، بىز قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدىگەندەك بىر جايدىن يەنە بىر جايغا سەرگەردان بولۇپ بارىمىز. ئەمما، گاڭگىراش ئىچىدە كۆزلىگەن نىشانىمىزنى ئۇنتۇپ قالىمىز. شۇڭا، ئاۋۋال جىمجىت ئولتۇرۇپ ئوبدان ئويلىنىۋېلىشىمىز، كىتاب ئىشكاپىدىن بىرەر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىشىمىز، باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ بېقىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ ھاياتى بىزگە مۇقىم بىر نىشاننى كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما ئىلھام ـ مەدەت بېرەلىشى مۇمكىن.

تەقدىرنىڭ مۆجىزاتلىرى ھەمىشە ئەنە شۇنداق يۈز بېرىدۇ، سىز سان ـ ساناقسىز كىتابلار ئارىسىدىن، «گېزىتچىلىك خاقانى پۇلىتسېر» دېگەن كىتابنى قولىڭىزغا ئېلىپ بىرىنچى بەتنى ئاچقىنىڭىزدا، ناتونۇش بۇرادىرىڭىز مەن يازغان كىرىش سۆزنى كۆرىسىز، بەلكىم سىز كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئەمەس، باشقىلارنىڭ تەقدىرى، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان ئىشىكنى ئاچىسىز. بۇ ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپى — دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن جوزېف پۇلىتسېر، بۇ تەرىپىدە بولسا سىز ۋە مەن.

بىز پۇلىتسېرنىڭ ئىزلىرىنى بىللە ئايلىنايلى، ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا چىقىپ پۇلىتسېر بېشىدىن كەچۈرگەن

سەرگەردان ياشلىقتا ھەمراھ بولايلى، ئۇنىڭ خىيال ـ ئارزۇلىرىنى بىللە ئىزدەيلى، گېزىتچىلىك ساھەسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەرۋاز قىلايلى، رەقىبلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى، گېزىتچىلىك ساھەسىدە بىر شاھ بولايلى...

بۇ كىتابنى يېپىپ قويغىنىڭىزدا، بەلكىم سىز بۇرۇنقى سىز ئەمەس بولۇپ قالارسىز، بەلكىم تۇرمۇشىڭىزغا باشقا بىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبە ـ تەسىراتلىرى سىڭىپ كىرەر، بەلكىم شۇ چاغدا سىز تاپىمەن دەپ قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئىزدەۋاتقان نەرسىڭىزنى تاپارسىز، بەلكىم بۇ دۇنياغا نېمىشقا كەلگەنلىكىڭىزنى، نېمىلەرنى قىلغىلى كەلگەنلىكىڭىزنى چۈشىنىپ قالارسىز.

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب چېچەن ئۈسمۈرلۈك، سەرگەردان ياشلىق .....1

1. مۇستەقىل ياشايمەن ..........................1

2. سەرگەردان ياشلىق ............................5

3. غەرب مارشى ..................................9

4. ئالدىراش گېزىتچى ...........................14

5. سىياسىي ساھەدىكى ئوڭۇشسىزلىق .....23

ئىككىنچى باب ئامېرىكا گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى مۆجىزە ..........................................25

1. زېرەك مۇخبىر، ئالدىراش ئۆتكەن شېرىن ئاي ...........................................25

2. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلىنىشى ...........30

3. تالانتنىڭ ئاشكارىلىنىشى ................31

4. تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئوق ئاۋازى .........36

5. تاسادىپىي ئامەت ...............................38

6. شانلىق مۇۋەپپەقىيەت ........................43

7. زوڭتۇڭ نامزاتىنى كۆرسەتكەن گېزىتچى ..............................................47

8. خاتىرجەم بولۇڭ، ئىلاھە ! ...................49

ئۈچىنچى باب يېڭىلمەس جەڭ ئىلاھى ......................55

1. «قۇياش»قا ئېگىلىشىپ قارىغان كىشى .....55

2. زۇلمەتتىكى قۇلۇلە ............................59

3. غېرىب پۇلىتسېر .............................62

4. دوستانە ئۆتەلمەيدىغان ھەمراھلار .......66

5. جاھان كېزىپ يۈرۈپ، «دۇنيا گېزىتى»
نى باشقۇرۇش ......................................87
تۆتىنچى باب   ئاخبارات ساھەسىدىكى ئىنقىلاب ..............94
1. «بېخىل» مىلىيونېر ..........................94
2. 20 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ........96
3. ئوتنىڭ سىنىقى ..............................98
4. ئاخبارات ساھەسىدىكى مائارىپچى .......102
5. ئەسىر جېڭى ................................107
6. مۇقەددەس ئوتنىڭ ئۆچۈشى ..............125
پۇلىتسېر يىلنامىسى ............................134

# بىرىنچى باب چېچەن ئۆسمۈرلۈك، سەرگەردان ياشلىق

تەقدىر بىلەن ئېلىشالىغان ئادەم تالانت ئىگىسىدۇر.
— ۋىكتورھيۇگو

## 1. مۇستەقىل ياشايمەن

21 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە داغدۇغىلىق سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 150 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايدىكى ماكو شەھىرى ئاۋات، سودىگەرلەر توپلاشقان چوڭ شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەر سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى.

ماگيار يەھۇدىي مىللىتى ماكو شەھىرىدىكى قەدىمىي قەبىلىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار ئىدى، ئۇلار مەردانە چەۋەنداز ۋە چەبدەس مەرگەن، قوپال ۋە ئۆكتەم كېلەتتى. كېيىن ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى سودىگەر بولۇپ كەتتى. فىلىپ پۇلىتسېر ماگيار يەھۇدىيلىرى ئارىسىدىكى تەربىيە كۆرگەن ئاشلىق سودىگىرى ئىدى. ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇق، چېچەن ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم بولۇپ، شۇ يەردە خېلى نامى بار ئىدى. تەقدىر ـ پېشانىسىدىن بولسا كېرەك، ئۇ بىر قېتىملىق تاسادىپىي

پورسەتتە ئاۋستىرىيان نېمىس قېنىدىن بولغان شالغوت قىز لويىس بېرگىر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. لويىس باي ئائىلىنىڭ قىزى، ياش، چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچ قېرىندىشى ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى ئىدى. مىجەز ـ خاراكتېرى شەرقلىقلارنىڭكىدەك يېقىملىق ۋە پەزىلەتلىك ئىدى، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئوڭلۇق قىز ئىدى. ئۇنىڭ ياش ۋە غايىلىك يىگىت فىلىپ پۇلىتسېرغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇردى ۋە تۆت پەرزەنت كۆردى. ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى لوئىس ياشلا ئۆلۈپ كەتتى، ئىككىنچى ئوغلى جوزېف، ئۈچىنچى ئوغلى ئالبېرت، تۆتىنچىسى قىز، ئىسمى ئىلما ئىدى. ياشىنىپ قالغان پۇلىتسېر سودا ساھەسىنىڭ شەپقەتسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، ئۆز تۇرمۇشىغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرى بىلەن بۇداپېشتقا كۆچۈپ كەتتى.

ئىككىنچى ئوغلى جوزېف پۇلىتسېر 1847 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل تۇغۇلدى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۇ ئۆزى خاسىيەتلىك كۈن دەپ قارىغان «10»غا توغرا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەستە تۇتۇش جەھەتتە كىچىكىدىنلا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭغا چوقۇناتتى ۋە ئۇنىڭ «گېنېرال بولۇشنى ئويلىمىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەن گېپىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇنىڭدا قەدىمكى ماگيارلىقلارنىڭ ئالدىراڭغۇ مىجەزى بار ئىدى، ئەمما يەنە ۋۇجۇدىدا يەھۇدىيلارغا خاس ئەقىل ـ پاراسەتمۇ چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ئىنىسى ئالبېرت بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئىككىلىسى شوخ ـ كەپسىز بولۇپ، ھەمىشە ئۆزگىچىلىك يارىتىشنى ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ كەپسىزلىكىدىن فرانسۇز ۋە نېمىس تىلى ئۆتىدىغان ئايال مۇئەللىم ھەمىشە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالاتتى. مېھرىبان ئانىسى ھەر

قېتىم ئالبېرتنى ئۇرماقچى بولغاندا، پۇلتسېر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالاتتى - دە، ئىنىسىنىڭ تايىقىنى يېيىش ئۈچۈن ئېگىلىپ تۇراتتى.

غەمسىز ئۆتكەن بالىلىق، ئۇسمۇرلۇك ئادەم ھاياتىدا مەڭگۈ ئەسلەيدىغان چاغلاردۇر. پۇلتسېر 10 نەچچە يېشىدىن باشلاپ ناھايىتى ئوبدان تەربىيىگە ئېرىشتى، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىدا كىشىلەر بىلەن راۋان پاراڭلىشالايتتى. بىراق، ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى جاپالىق ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن دادىسى پۇلتسېرغا ئەجەل چاڭگال سالدى، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاتىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قېلىش ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك. ئاتىسىدىن ئايرىلغان گۆدەك پۇلتسېر بىردىنلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى، تۇرۇپلا ئۆزىنى خېلى پىشىپ يېتىلگەندەك سەزدى - دە، چامىنىڭ يېتىشىچە ئانىسىغا ياردەملەشتى. يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان بۇ ئائىلىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن جان تىكىپ ئىشلىدى. ئەمما، تېخى بېلى قاتمىغان پۇلتسېر بىر ئائىلىنىڭ يۈكىنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ ئۇنىڭ غەم - قايغۇغا پاتقان ئانىسى ئامالسىزلىقتىن سودىگەر ماركس پلاۋ بىلەن توي قىلدى. پۇلتسېر رەھىمسىز ئۆگەي دادىسى بىلەن زادىلا كېلىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا مۇستەقىل ياشاشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئىستەك پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئائىلىسىدىن چىقىپ كېتىپ، غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

باتۇر، قەيسەر پۇلتسېر ئالدى بىلەن ئەسكەر بولۇش خىيالىغا كەلدى. كۆركەم ھەربىي فورما، كۆز چاقنىتىدىغان قىلىچ، چاپچىپ تۇرغان جەڭ ئاتلىرى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بىسمارك 1864 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇششۇك - خېلستېرغا قارشى ھەرىكەت قوللانغاندا پۇلتسېر ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىگە قاتناشماقچى بولۇپ، ئەسكەرلىككە تىزىملاش

ئورنىغا باردى. ئىشخانىدا بىر ئورۇق، بىر سېمىز ئىككى ئوفىتسېر ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا پۇلىتسېر ھاياجانلىنىپ ۋە جىددىيلىشىپ كەتكەچكە ئالىقانلىرى تەرلەپ كەتتى، ھەتتا گەپ - سۆزلىرىمۇ قولاشماي قالدى.

— مەن ئەسكەر بولماقچىدىم...

— نېمە؟

سېمىز ئوفىتسېر ئۇنىڭ گېپىنى راستتىنلا ئاڭلىمىغانىدى. پۇلىتسېر گېپىنى تەكرارلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئوفىتسېر ۋىجىك، ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان پۇلىتسېرغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سەن تېخى ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەسكىرى بولماقچىمۇ، سېنىڭ ئات يېتىلەشكىمۇ سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ.

بۇ گەپ پۇلىتسېرنىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇ غەزەپلەنگىنىچە تېزلىكتە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. يېگىتلىكنىڭ ئەزەلدىن ئاسان تەن بەرمەيدىغان پۇلىتسېر بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمىدى ۋە نىيىتىدىن ۋاز كەچمىدى. ئۇ قېيىنچىلىقنىڭ ئاجىزلارنىڭ بويىنىغا سېلىنغان سالما، ئەكسىچە كۈچلۈكلەر ئۆچۈن شوتا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پارىژ، لوندون قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، چەت ئەل تەۋەسىدىكى ئارمىيىگە قاتناشماقچى بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىدى. ئۇ يەنە گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىگە كېلىپ دېڭىزچى بولماقچى بولدى. نەتىجىدە يەنىلا مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

پۇلىتسېر ھېچقانداق ئامال تاپالماي گاڭگىراپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر پۇرسەت تۇغۇلدى. 1861 - يىلى پارتلاپ تۆت يىل داۋام قىلغان ئامېرىكىدىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ ئوت - يالقۇنى، ئىس -

تۇتەكلىرى ھەممە جايىنى قاپلىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇشتا ئەسكەر يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. شۇڭا، فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ياۋروپادىن ئەسكەر يۆتكەپ كەلمەكچى بولدى، ياۋروپادىكى ئەسكەر ئېلىش ۋەكىلى ھۆكۈمەتتىن ئېخىمۇ كۆپ ياردەم پۇلى ئېلىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردا يول يۈرەلەيدىغانلىكى ئادەملەرنى ئەسكەرلىككە ئالدى. پۇلتسېرمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. 1864 ـ يىلى ئاۋغۇستتا پۇلتسېر ۋە بىر قىسىم قېرى ـ چۆرى، ئاجىز ـ ئورۇق «ئەسكەر» لەر ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن پاراخوت بىلەن ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىقتى. پاراخوت ئاتلانتىك ئوكيانىدا ناھايىتى ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن ئامېرىكىغا يېتىپ كەلدى. قىستاڭچىلىق، بۇلغانغان ھاۋا پۇلتسېرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىغا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئۇ گېنېرال بولىدىغان كۈنلەرنى خىيال قىلدى. پاراخوت بوستون پورتىغا يېقىنلاشقاندا، پۇلتسېر پاراخوتتىكى ھەممە ئادەمنىڭ ۋاكالەتچىگە پۇل تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالدى. ئۇ بار ـ يوق ئىككى تەڭگە پۇلىنى ۋاكالەتچىگە بىكارغىلا بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاي قاراڭغۇسى ۋە بوران چىقىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پايانسىز دېڭىزغا سەكرىدى. ئۇ ئۇزۇن بىلەكلىرى بىلەن مۇزدەك سۇدا جېنىنىڭ بارىچە ئۈزدى. بوستون پورتى قىرغىقىغا چىققاندا ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىدى. ئۇ ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولار ـ بولمايلا ئېغىر قەدەملىرى بىلەن يويىزغا چىقتى.

ئۇ ئاخىر لىنكولىن بىرىنچى ئاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرى بولۇپ، جەڭ ئېتىغا مىندى. ئۇنىڭ ئەسكەر بولۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنى ئەمدى يەنە نېمىلەر كۈتۈۋاتىدىكىنتاڭ ؟

## 2. سەرگەردان ياشلىق

ئىتالىيە گېنۇيە سودا پورتىنىڭ ماتروسى كولومبو «يېڭى

قۇرۇقلۇق»نى تاپقاندىن بۇيان، «ئامېرىكا قىتئەسى» دەپ ئاتالغان بۇ قۇرۇقلۇق كىشىلەر ھەدەپ تالىشىدىغان ماكان بولۇپ قالغانىدى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 جايدا مۇستەملىكىدە تۇرۇۋاتقان خەلق 1782 ـ يىلى گېئورگى ۋاشىنگتوننىڭ رەھبەرلىكىدە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى تۇنجى كاپىتالىستىك جۇمھۇرىيەت «ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى»نى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 70 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا جەنۇبنىڭ ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى شىمالدا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر توسالغۇ بولدى. نېگىرلارغا يۇرگۇزۇلۇۋاتقان قۇللۇق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ياكى بىكار قىلىش مەسىلىسىدە شىمالدىكى بۇرژۇئا دېموكراتلار بىلەن جەنۇبتىكى قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈنسېرى ئۆتكۈرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن 1861 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك تۇردە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. 17 ياشلىق پۇلىتسېر فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن چاغدا، ئۇرۇش ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.

بۇ ئۇرۇشتا پۇلىتسېر گېنېرال بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مۇشتۇمزور ئەسكەرلەرنىڭ «موللا بوزىكى» بولۇپ قېلىپ، ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ تۇرغان شىردان ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گېرمانىيە تەۋەلىكىدىكى قامەتلىك، باتۇر، قەيسەر ئەسكەرلەر ئىدى. ئەكسىچە، پۇلىتسېر قورايدەك ئورۇق، تەقى ـ تۇرقى غەلىتە يىگىت ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تۇغما تەرسا، سەزگۇر، تېرىككەك، ئالدىراڭغۇ بولغاچقا، پۈتۈن قىسىمدىكىلەرنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى ئىدى. بىر قېتىم بىر ئېگىز ئەسكەر ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى مازاق قىلدى، سۆيۈملۈك ئانىسىنى ھاقارەتلىدى، بۇنىڭدىن دەرغەزەپ بولغان پۇلىتسېر شۇ ھامان ئېتىلىپ بېرىپ بىر مۇشت بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئۇدۇل چىشىنى

چۈشۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدىكى ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئۇ چوڭ چاتاق چىقاردى دەپ قارىلاتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەيتتى. بۇ خۇددى ئاسمان غەزەپلىنىش — باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالاش دېگەنگە ئوخشايتتى. پۇلىتسېر كاپىتان راماگېسايىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن بۇ چاتاقتىن ئاران قۇتۇلۇپ قالدى. راماگېسايىنىڭ ئارىغا چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى قىزىق بولۇپ، راماگېساي شاھمات ئويناشقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ زېرىككەنلىك جەڭ تۇرمۇشىدا دائىم بىرى بىلەن شاھمات ئويناش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. پۇلىتسېر ئۇ ئامراق شاھماتچى بولغاچقا ئۇنى جازادىن ساقلاپ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۇرۇش ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى پۇلىتسېردەك ھەقىقىي رىقابەتچىگە موھتاج ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاينى ئۇ بىرەر ئىش قىلماستىنلا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

1865 ـ يىلى ئىيۇلدا پۇلىتسېر نيۇيوركتا ئاخىرقى 15 دوللار مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىكتىن چېكىندى. نيۇيوركنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرى ئەسكەرلىكتىن چېكىنگەن نەچچە ئون مىڭ ئادەم تولۇپ كەتكەنىدى. جەڭدە غەلىبە قىلغان قەھرىمانلارمۇ ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپلا ئىشسىز بولۇپ قالدى. نيۇيوركلۇقلارنىڭ ئۇلارغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ھۆرمىتى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆچمەنلىك ئالدى. پۇلىتسېر ۋېنگر، نېمىس، فرانسۇز تىلىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئىنگلىز تىلىنى دۇدۇقلاپ سۆزلىگەچكە مۇۋاپىق خىزمەت تاپالمىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى يامانلاشتى. ئۇ ھەر كۈنى باغچىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئاسمان ـ پەلەك بىنالار ئارىسىدىكى كوچىلاردىن كېلىۋاتقان ئايىغى ئۈزۈلمەس شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى ئاڭلاپ ياتاتتى. خۇشاللىق ۋە بايلىق باشقىلارغا مەنسۇپ، بىچارە پۇلىتسېر بولسا بۇلاردىن مەھرۇم ئىدى.

تۇغما ئاقسۆڭەكلىك كىبىرىدىنمۇ ياكى قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر يالاڭ تۆش، جۇل - جۇل كىيىملىك پۇلىتسېر قولىغا تۆت تەڭگە پۇل كىرسىلا، كاتتا رېستورانلارغا كىرەتتى. بىر كۈنى ئۇ سىرتنى ئايلىنىپ كېلىپ، رېستورانغا كىرىشىگە، ئىشىك باقىدىغان ئىككەيلەن ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە يولغا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈزى داق يەرگە تېگىپ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇلار پۇلىتسېرنىڭ تەقى - تۇرقى رېستوراننىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپلا قالماي، يەنە مۇھتىنىمۇ بۇلغىدى، دەپ شۇنداق قىلغانىدى. پۇلىتسېر ئورنىدىن تۇرۇپلا بەدەر تىكىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ رېستوراننىڭ قىپقىزىل تىلىنى چىقىرىپ تۇرغان بۆرە ئىتىنى كۆرۈپ قالغان، ياماق سېلىنغان ئىشتىنىنىڭ يەنە يىرتىلىپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدى. بىختەر جايغا بارغاندىن كېيىن، پۇلىتسېرنىڭ غەزەپتىن پۇتۇن ئەزايى تىترەپ كەتتى. شەبنەم تامچىسىدەك ياشلىرى كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلىدى. بىراق، قەيسەر پۇلىتسېر ياش تۆكمىدى. كېيىن ئۇنىڭ بۇ رېستوراننى سېتىۋېلىپ ئورنىغا ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان كاتتا بىنا سالدىغانلىقىنى ھېلىقى ئىككى ئىشىكباقار شۇ چاغدا زادىلا ئويلىمىغان بولسا كېرەك.

پۇلىتسېرنىڭ ئانىسى ۋېنگرىيىدىن ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي ياردەم كېرەكمۇ، يوق؟ دەپ ھال سوراپ خەت يازدى. نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن پۇلىتسېر ئاچچىق كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئانىسىنىڭ ياردىمىنى رەت قىلدى. ئۇ بىر جۈپ قولىغا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرمەكچىدى. ئۇ بىر ئاغىنىسىدىن كىت ئوۋلىسا جىق پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ نيۇ - بېرفوردقا باردى. ئۇ يەردە كىت ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پۇلىتسېر ئۇ يەردىن دېمى ئىچىگە چۈشكىنىچە يېنىپ كەلدى.

قىلىپ پۇلىتسېر نيۇيوركنىڭ يىرگىنچلىك بىر دۇنياغا

ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، مىسسۇرى شتاتىدىكى سېنت ـ لۇئىسقا بېرىش نىيىتىگە كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى سېتىۋەتكەنىدى، كېچىلىرى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا، ۋەيرانە، قۇرۇق يۇك ماشىنىلىرىدا ئۇخلايتتى، توخلىغاندا گېزىت، يىرتىق كاناپ ـ خالتىلار بىلەن سوغۇقتىن دالدىلىناتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ سېنت ـ لۇئىسقا قاراپ ئىلگىرىلەۋەردى.

نامراتلىقتىن جاق تويغان پۇلتىسېر نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۆزىدە ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان بۇ شەھەرگە قايتىپ كېلىشنى ئويلامدۇ، يوق؟

## 3. غەرب مارشى

ئۇلۇغ ئوكيان بويىغا جايلاشقان نيۇيورك شەھىرىدىن مىسسۇرى شتاتىدىكى سېنت ـ لۇئىسقا بېرىش ئۈچۈن نيۇ ـ جېرسى، پېنسىلۋانىيە، ئوھىئو، ھىندىئانا، ئىللىنويس قاتارلىق شتاتلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ بىپايان ئوتتۇرا ـ غەربىي رايون پۇلتىسېر شىردان ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىدا ئەسكەر بولغاندا جەڭ قىلغان جايلار ئىدى. بۇ يەرلەردە ئۆز ۋاقتىدىكى گۇللەر بۇرۇنقىدەكلا ئېچىلىپ تۇراتتى. بىراق، پۇلتىسېرنىڭ سەپداشلىرى ئۆز يولىغا راۋان بولۇشقانىدى. شۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ بۇ يەرلەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىشقا چولىسى تەگمەيتتى. ئۇ ئانىسى بەرگەن يىپەك قولياغلىقىنى ھارۋىكەشكە يول كىراسى ئۈچۈن بەردى، كالا ھارۋىسى سۈپسۈزۈك ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان پايانسىز دالىدا لىغشىپ كېتىۋاتاتتى. پۇلتىسېرنىڭ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن ھەربىي پەلتوسىنى يېرىم يولدا خەق ئوغرىلىۋالغانلىقتىن، ئۇ تىمتاس كېچىدە چىشىنى چىڭ چىشلەپ غېرىبلىق ۋە سوغۇق بىلەن ئېلىشتى.

پۇلىتسېر ئۇچۇن قۇتلۇق سان بولغان 10 ـ ئۆكتەبىردە ئۇ سېنت ـ لۇئىسنىڭ شەرقىدىكى بىر تۆپىلىكتە تۇراتتى. سىم ـ سىم كۈز يامغۇرى توختىماي يېغىۋاتاتتى. شاۋقۇنلۇق، ھەيۋەتلىك مىسسىسسىپى دەرياسى لاي ـ لاتقىلار، شاخ ـ شۇمبىلارنى سۆرىگىنىچە ئۆركەشلەپ جەنۇب تامان ئاقاتتى. ئۇنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دولقۇنلىرى گويا پۇلىتسېرنى يۇتۇۋالماقچى بولغاندەك ئىككى قىرغاققا زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئاجىز، يېلىڭ، ئاچ قورساق پۇلىتسېر سېنت ـ لۇئىسنىڭ دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

سېنت ـ لۇئىس كۆڭۈلدىكىدەك جاي بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندەك ئەمەس ئىدى، فېدېراتسىيە ئارمىيىسىنىڭ زور مىقداردىكى مەبلىغى بۇ يەرنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ يەردە يېڭى تىپتىكى سانائەت يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك گۈللەپ ـ ياشنىغان، ئاخبارات ـ گېزىتچىلىك ئىشلىرىمۇ تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان نېمىسلار ناھايىتى قىزغىن ئىدى. پۇلىتسېر پاراخوتنىڭ كۆمۈرخانىسىغا ئوت قالاپ بېرىش بەدىلىگە پاراخوتقا چىقىۋېلىپ، مەنزىلگە يېتىۋالدى. شۇ يەردە نېمىسچە چىقىدىغان ئەڭ چوڭ گېزىت «غەرب پوچتا گېزىتى»نىڭ بىر نېمىس تەھرىرى پۇلىتسېرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ھەربىي لاگېرغا بېرىپ ئۇلاغ باققۇچى بولۇشقا قىزغىن دەۋەت قىلدى. پۇلىتسېر قوغۇشۇندەك ئېغىر پۇتلىرىنى سۆرەپ لاگېرغا بارغاندا، توپ ـ توپ قېچىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۇسۇلى ــ بوم ئاۋازدا كىشنەش ۋە ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت ئارىغا ئېلىۋېلىش بىلەن بۇ يېڭى خوجايىنىنى كۈتۈۋالدى. ھېرىپ ئۆلەي دېگەن پۇلىتسېر كارىۋاتتا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ كېچىچە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى قاق سەھەردىلا بۇ قورقۇنچلۇق جايدىن كېتىپ قالدى.

پۇلتسېر مۇھىت قانچىلىك ناچار، تۇرمۇش قانچىلىك ئادالەتسىز بولسىمۇ، ئۆزمەي ئۆگەندى. ئۇ كىتابتىن، گېزىتتىن ۋە خىزمەت داۋامىدا ئاز - ئازدىن ئۆگىنىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. ئۇ تاكى نامى چىققان كونگە قەدەر ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ھەربىر ئادەمگە زۆرۈر ئەمەس، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى باشقا ئالىي مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىڭ ئىگىلىيەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىدى. پۇلتسېر بۇ مەزگىللەردە ماتروس، ئىشچى، ھارۋىكەش ... بولدى. ئەسلەشكە ئەڭ ئەرزىيدىغىنى، ئۇنىڭ مەشھۇر تونى فوستېر ئاشخانىسىدا كوتكوچى بولغان چاغلىرى ئەمدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئىشى ھەل بولدى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ پايدىلىق بولغىنى، بۇ ئاشخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى ئاتاقلىق شەخسلەر بولغاچقا، ئۇ بۇلار بىلەن ھەمىشە ئۇچرىشىپ تونۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئالىملارنىڭ خوش تەبىئەت سالاپىتى چوڭقۇر بىلىم - مەلۇماتلىرى پۇلتسېرنى قىزىقتۇردى، ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكتىن ئىقتىساد قىلغان پۇلنى ۋە ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە، كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلدى. 5 - كوچا بىلەن تۇخۇمەك كوچىسىدىكى سودا كىتابخانىسى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۆيى بولۇپ قالدى. بىر قېتىملىق زىياپەتتە گېگىلشۇناس پەيلاسوپ بىرىكچياۋيې تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئاجايىپ پاساھەتلىك تىللار بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەندە، پۇلستېر پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىدى، ھەممىنى ئۇنتۇغان پۇلتسېرنىڭ قولىدىكى كۆپۈك قايناپ تۇرغان لىقمۇلىق بىر ئىستاكان مۇزدەك پىۋا بىر تۆرىنىڭ تاقىر بېشىغا تۆكۈلۈپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن پۇلتسېر بۇ يەردىكى ئىشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ باشقا تىرىكچىلىك يولى تېپىشقا مەجبۇر بولدى.

5 - كوچىنىڭ مەركىزىدە بىر ئاق ئىشخانا بىناسى بولۇپ،

بۇ بىنا شۇ جايدا خېلى تەسىرى بار، نېمىس تىل يېزىقىدا چىقىدىغان «غەرب پوچتا گېزىتى» بىناسى ئىدى. پۇلىتسېر ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكىنىدە بىناغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇراتتى، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلەرنى، كوچىلاردا مۈكىدەك ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالاتتى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ كەڭ ـ كۇشادە، يورۇق، پاكىز بىنادا ئىشلەشنى، گېزىت باسىدىغان ماشىنا، سايمان ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى، كىتاب، گېزىت كۆرۈشنى، ماقالە يېزىشنى خىيال قىلاتتى. بىراق، بۇ بىر خام خىيال ئىدى. بىر قېتىم سۆزمەن بىر دەللال پۇلىتسېر تۇرۇشلۇق نامراتلار مەھەللىسىگە كېلىپ خۇددى راستتەك قىلىپ «لۇئىسئانا شتاتىنىڭ قىزىلچىزارلىقى بىر ئالتۇن ماكانى، ئۇ يەردە ئاز ئىشلەپ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ...» دېدى. تىرىكچىلىك يولى تاپالماي تۇرغان پۇلىتسېر بۇ گەپكە پۈتۈنلەي ئىشەنمىسمۇ، ئانچە ـ مۇنچە ئىش تېپىپ قىلىش نىيىتىدە باشقا 10 نەچچەيلەن بىلەن «بەخت ماكانى»غا بارىدىغان كېمىگە چىقتى. ئۇلار نەچچە سائەت چايقىلىپ يۈرۈپ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ يەنە تۇزاققا دەسسىگەنلىكىنى بايقاشتى. پۇلىتسېر بۇنىڭغا غەزەپلەندى ۋە ماقالە يېزىپ بۇ ئالدامچىلىقنى پاش قىلىپ ئۇنى «غەرب پوچتا گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەلگۈسىدىكى مەشھۇر گېزىتچىلىك خاقانىنىڭ تۇنجى ئەسىرى دۇنياغا كەلدى. پۇلىتسېر ئاخىر كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ بىناغا كىرىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. پۇلىتسېر گېزىتخانىدا ئاساسەن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلدى، بەزىدە قىسقا ماقالىلەرنىمۇ يازدى. مىجەزى ئۆزگىچە بولغان پۇلىتسېر بۇ يەردە ئادۋوكات جونسون پاتراك ۋە دوختۇر ماك رووېل بىلەن تونۇشتى.

1866 ـ يىلى ئاۋغۇستتا مىسسۇرى شتاتىدا خولېرا كېسىلى يامراپ كېتىپ، سېنت ـ لۇئىس ئاسمىنىنى ۋەھىمە قاپلىدى.

ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا ئەجەل كۆلەڭگىسى چۈشتى. پۇلىتسېر ھايات قېلىش ئۈچۈن ماك رووۋېلىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئاسپىنار ئارىلىنىڭ تۆرمە باشلىقى بولدى. چوڭ شەھەرلەردە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى خۇددى كەچ كۈزدە تۆكۈلگەن غازاڭدەك كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. پۇلىتسېر بۇلارغا ئېرەن قىلماي كەتمىدى. ئۇ كۈندۈزى جىنايەتچىلەرگە (ھەتتا دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرگە) قارىسا، ئاخشىمى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. 10 - ئايغا كەلگەندە خولېرا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئوقۇغان كىتابلار ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلغان جەسەتلەردەك كۆپەيدى.

جونسون پاتراك پۇلىتسېرغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان خىزمەت تېپىپ بەردى. يەنى ئۇ ئاساسلىقى تۆمۈريول ياساش پىلانىنى ئەنگە ئالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بۇ، كەلكۈن كۆپ كېلىدىغان مەزگىل ئىدى، پۇلىتسېر تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقى ۋە كىچىكىدىنلا سۇ بىلەن ھەپىلىشىپ چوڭ بولغانلىقىدىن نەچچە قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ شارائىتى سەل جاپالىق بولسىمۇ، مەھبۇسلار بىلەن دادى مۇئامىلە قىلغاندىن ياخشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئۆگىنىش پۇرسىتى جىق ئىدى، ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى خىزمەتداشلىرىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان سانلارنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى شۇنداق توغرا ھېسابلىيالايتتى. شۈبھىسىزكى، بۇلار بىر مۇنەۋۋەر ئادۋوكات ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا ئىدى. شۇڭا، جونسون پاتراك تېزلا ئۇنىڭغا گېزىتخانىدىن بىر كونا ئۇستەل بېرىپ، ئۇنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىگە، قىرائەتخانىدىكى كىتاب - ماتېرىياللارنى ھەقسىز كۆرۈشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەردى. پۇلىتسېر ئامېرىكىغا كەلگىنىگە تۆت يىل بولاي دېگەندە، ئاندىن ئۇياق - بۇياقلارغا چېپىشتىن، ئىنتايىن جاپالىق تۇرمۇش مۇھىتىدىن قۇتۇلۇپ، خېلى مۇقىم ئۆگىنىش شارائىتىغا ئېرىشتى. قەلبىدە ئۇزاقتىن

بۇيان بېسىلىپ ياتقان ئۇلۇغۋار جاسارەت ۋە پىلانلىرى باشقىدىن جانلاندى. ئۇ ھەربىر مىنۇتنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىسى دەپ قاراپ، ئادەتتىكى كىشىلەر پەرەز قىلالمايدىغان قىزغىنلىق بىلەن خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن كىشى بولكىغا ئېتىلغاندەك، ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ توشۇغۇچىسى بولغان كەسىپكە ئاتلاندى. ئۇنىڭ كۆزى يىراقنى كۆرمەس بولۇپ قالسىمۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى.

سېنت ـ لۇئىس كۇتۇپخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى بىرچۇوگېل ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشقا چۈشكەندە، بىر غەمكىن يىگىتنىڭ ئەتىگەن كېلىپ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. بىرچۇوگېل كۇتۇپخانىغا كىرىپ بۇ يىگىتنىڭ ئەل ئايىغى بېسىققان يېرىم كېچىگىچە تاكى ئۇلار ئىشتىن چۈشكۈچە كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنەتتى. تەقى ـ تۇرقى غەيرىي، باھاسى ئەرزان كۆزەينەك تاقىۋالغان بۇ يىگىت پۇلىتسېر ئىدى. بىرچۇوگېل پۇلىتسېرغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، ھەتتا بەزى مۇھىم كىتابلارنى ئۆيىگە ئەكېتىپ كۆرۈشىگىمۇ يول قويدى. كىتاب ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق كۆۋرۈكى بولدى. پۇلىتسېر كىتاب كۆرۈپ چارچىغاندا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى شاھماتخانىغا چىقىپ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاھماتتىكى ئاجايىپ تالانتى بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخس ــ كارل شۇرتىس بىلەن تونۇشتى.

## 4. ئالدىراش گېزىتچى

سېنت ـ لۇئىس ئامېرىكا مىسسۇرى شتاتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، سۇبتروپىك بەلۋاغ كىلىماتىغا تەۋە ئىدى. باغچە ۋە كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دەرەخ

يوپۇرماقلىرىنىڭ قىزىللىرى ئوتقاشتەك، سېرىقى ئالتۇندەك، كۆل رەڭلىرى كۈمۈشتەك، يېشىللىرى زۇمرەتتەك ئىدى. بۇ رەڭلەر ماي بوياق رەسىمدەكلا كۆرۈنەتتى، ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇراتتى. بۇ شەھەردىكىلەر يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلىشى بىلەنلا، چۈشتىكى دىمىق ئىسسىقتىن قېچىشىپ سەلكىن شاماللىق كوچىلارغا چىقىشۋالاتتى. مىسسىسىپى دەرياسىدا ئۈياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان كېمە - پاراخوتلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قىزغاقتىكى تۆرلۈك ئىرقتىكى كىشىلەر تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھەريان چېپىشاتتى. بەزىلەر ئامېرىكىنى ئەنئەنىسى يوق دۆلەت دېيىشىدۇ. بۇ سەل ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپ بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم ئاساسىمۇ يوق ئەمەس. ئەينى چاغدا ئامېرىكىدىكى تۆتىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلانغان بۇ شەھەرنىڭ يەرلىك ئاھالىسى كۆچمەنلەر ئاھالىسى بىلەن ئاساسەن تەڭ ئىدى. ئىختىساسلىقلار كۆپ چىقىدىغان بۇ شەھەردە، بىر ئادەم پۇلىتسېرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ئادەم ئۇ سېنىت - لۇئىس سودا كۇتۇپخانىسىدا تونۇشقان شۇرتىس ئىدى.

شۇرتىس قالتىس ئادەم ئىدى. 40 ياشقا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، شۇنداق ياش ۋە سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ھەمىشە قاتۇرۇقلۇق ۋە ئاپئاق ئىدى. يۇرۇش - تۇرۇش جەھەتتىكى سالاپىتى، گەپ - سۆزىنىڭ سىلىق - سىپايىلىكى كىشىلەردە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. بولۇپمۇ ئۆتمۈشنى ئوبدان بىلىدىغانلار ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن قول قوياتتى. شۇرتىسنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ئۆزىلا بىر ئاجايىپ - غارايىپ قەھرىمانلىق داستانى ئىدى. ئۇ گېرمانىيىنىڭ بونىن شەھىرىدە تۇغۇلدى. ياش ۋاقتىدا 1849 - يىلىدىكى گېرمانىيە ئىنقىلابىغا قاتناشتى ھەم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، لېكىن تۈرمىدە ئۆلۈمنى كۈتمەستىن، بىر ئامالىنى قىلىپ تۈرمىدىن قاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەنگلىيە ئارقىلىق ئامېرىكىغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ

سىياسىي سەھنىسىگە قەدەم قويدى ۋە لىنكولن زۇڭتۇڭنىڭ قابىل ياردەمچىسى بولۇپ قالدى. 1860 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئىسپانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەندى. لېكىن، ئۇ ئەلچى بولۇشتەك بوش ـ بىكار ئەمما باياشات تۇرمۇشقا قانائەتلەنمەي، ئۆزىنى شىددەتلىك جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدا بىر سىناپ بېقىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، راھەت ئەلچىلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئامېرىكىغا قايتىپ قوللۇق تۈزۈمگە قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت شىددەتلىك كۆرەشكە ئاتلاندى. ئۇ ئوق ـ بومبىلار يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان بۇ ئۇرۇشتا قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن گېنېرالى بولدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ نيۇيوركتىن ئولتۇراقلاشقان سېنت ـ لۇئىسقا بېرىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى پرىبي تورىس چىقارغان «غەرب پوچتا گېزىتى» رېداكسىيىسىدە مۇھەررىر بولدى. شۇرتىس جىم ياتمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ سىياسىي مۇددىئا بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈردى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي مىسسۇرى شتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. ئەينى چاغدا ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن يات ئەلدە شانلىق ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئۈلگىسى دەپ قارالغان، ئۇ پۇلىتسېرنى گېزىتچىلىك ساھەسىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەرگەندى. يەنە مۇشۇ ئادەم پۇلىتسېرنىڭ سىياسىي سەھنىگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولدى. 1868 ـ يىلى پۇلىتسېرنىڭ تەقدىرىدە بۇرۇلۇش بولغان بىر يىل بولدى.

بېشىدىن نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى، ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن پۇلىتسېر پەيدىنپەي مۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتى: بىرەر كەسىپتە نەتىجە قازىنىشتا غەيرەتلا بولسا كۇپايە قىلمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى بىلىم ۋە قابىلىيەت بولۇشى، ئۆزىنىڭ شەخسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇڭا، ئۇ ھارماي ـ تالماي قانۇن، ئىنگلىز تىلى ۋە

يېزىقچىلىق ماھارىتىنى ئۆگەندى ھەمدە ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىنمۇ ئۆتتى. كېيىن ئۇ ئامېرىكا دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى، قابىلىيىتى، تىرىشچانلىقى، قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىشى شۇرتىسنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ تەقى - تۇرقى غەلىتە بۇ يىگىتتىن تەسىرلەندى. پۇلىتسېر شۇرتىسنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ يەردىكى گېرمانىيىلىكلەر بىرلەشمىسىگە كاتىپ بولدى. كېيىن يەنە «غەرب پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىقىغا رەسمىي قوبۇل قىلىندى. پۇلىتسېر شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ بىر سەرگەرداندىن، قەلەمنى قورال قىلغان بىر جەڭچىگە ئايلانغان، گېزىتچى بولۇش ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشقاندى. بۇنىڭ ئۆزىنىڭ گېزىتچىلىك مۇساپىسىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ئويلىمىغان بولسا كېرەك. پۇلىتسېر مۇخبىر بولغان كۈندىن باشلاپ تىغ ئۇچىنى جەمئىيەتنىڭ يوقىرى قاتلىمىغا قاراتتى. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. چىرىكلىك، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ: بىر ئادەم ئۆزىگە دۈشمەن تېپىۋېلىشتىن قورقسا، ئۇ ھەرگىز تالانتلىق مۇخبىر بولالمايدۇ، دەپ قارايتتى. گېزىتچىلىك ساھەسىگە يېڭى كىرگەن پۇلىتسېر پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دىن باشلاپ خىزمەت قىلاتتى. ئۇ مەيلى ئادەتتىكى مۇھىم خەۋەرلەر بولسۇن ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالاتتى. سېنت - لۇئىس شەھىرىدىن تاكى مىسسۇرى شتاتىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئۇنىڭ ئىزلىرى قالغانىدى. قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئاسمان گۈمبىزىدىن غايىب بولغاندا، ئۇ يەنە زىيارەت قىلغاندا توپلانغان ماتېرىياللارنى رەتلەش ۋە يېزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. شۇ ئولتۇرغىنىچە ئەتىسى سەھەر سائەت 2 گىچە ئىشلەيتتى. 16 سائەت ئىشلەپ چارچىغان پۇلىتسېر سائەت 2 دىن كېيىن

ياتىقىغا قايتىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلايتتى ـ دە، ئۇيقۇغا كېتەتتى.

ھەددىدىن ئارتۇق خىزمەت سىجىللىقى پۇلىتسېرنىڭ ئەسلىدىنلا ئاجىز تېنىنى كاردىن چىقارماقتا ئىدى. ئۇ سالاپەتلىك خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزىرىدە چاچلىرى قالايمىقان، كۆزلىرى قىزارغان، ئاۋاق، ۋىجىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كونا كىيىمىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇنى كۆزىگە ئىلماسلىقىدىكى بىر سەۋەب ئىدى. شۇڭا، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چىرايىدا كەمسىتىش ئالامىتى پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى كېكەچلەپ سۆزلەشلىرى كىشىلەرنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىشىغا تۇتۇرۇق ئىدى. سەپرا مىجەز پۇلىتسېر بۇلارنى چىشىنى چىشلىگىنىچە ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار تۈپەيلى ئۆز ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە بېسىۋېلىپ تۇرسىمۇ، قەلبىدىكى غەزەپ ئوتى بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى.

خىزمەتداشلىرى ئۇنى تىنماي مازاق قىلاتتى. بۇ چاغدا كۆزى ئۆتكۈر بىر تەھرىر ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدى ـ دە، خىزمەتداشلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇپ، سىلەر يېڭىلىشىۋاتىسىلەر، پۇلىتسېردىكى قابىلىيەت سىلەردە يوق، بەلكىم ھەممىڭلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى قوشسىمۇ ئۇنىڭكىگە يەتمەسلىكى مۇمكىن، دېدى.

بەزىلەر ھەمىشە قارشىلىقتا ئۇچرىغانسېرى قەيسەرلىشىپ كېتىدۇ، بېسىم بولمىسا ئالغا ئىنتىلىش بولمايدۇ. پۇلىتسېر ئىش ئۈستىلىدىكى ئەينەك ئاستىغا «خىزمەت، خىزمەت، خىزمەت؛ پىكىر يۈرگۈزۈش، پىكىر يۈرگۈزۈش، پىكىر يۈرگۈزۈش» دېگەن خەت يېزىلغان قەغەزنى باستۇرۇپ قويدى. ئادەم جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىمىسە كەسىپتە نەتىجە قازىنالمايدۇ. ئەمما، ئىشلىدىم دەپ كالىدەك ئىشلىسىمۇ

بولمايدۇ. ئادەم پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆگەنگەندىمۇ ئاددىيلا پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. پەقەت «خىزمەت ـ تەپەككۇر ـ خىزمەت» دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرگەندىلا، تېخىمۇ زور نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. بۇ بىر جۈملە سۆز پۈلتسېرنىڭ خىزمەت ئىستىلى، شۇنداقلا ھايات مىزانىنىڭ قىبلىنەماسى ئىدى.

پۈلتسېر شان ـ شەرەپ ھەممىدىن ئەلا دەپ قارايتتى. ئۇ شۇ زامانىدىكى ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى. ياۋروپادىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا چوڭ بولغان پۈلتسېرنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دەپ قارايتتى. ئۇ بۇ قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلدى. ئۇ بىر مۇخبىر بولغانلىقى ئۈچۈن قەلەم ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى ئىدى. بىر قېتىم سېنت ـ لۇئىستىكى يەرلىك دېموكراتلار پارتىيىسى مەخپىي يىغىن ئاچتى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بۇ يىغىنغا ھەرگىز قاتنىشالمايتتى. قەيسەر ھەم زىيارەت قىلىش تەجرىبىسى مول پۈلتسېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدەك ياسىنىپ، يىغىن مەيدانىغا باردى ۋە يىغىن مەيدانىغا بىمالال كىرىپ كەتتى. ئەتىسى «غەرب پوچتا گېزىتى»نىڭ باش بېتىدە تۈنۈگۈنكى مەخپىي يىغىننىڭ ئەھۋالىغا ئائىت ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ئىش دېموكراتلار پارتىيىسى ئەزالىرىنى ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئىش سەۋەبىدىن پۈلتسېرنىڭ كەسپداشلىرى ئارىسىدىكى ئابرۇيى ئۆستى، كىشىلەر ئۇنىڭ

جاسارىتى ۋە پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى، شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچە قارايدىغان بولدى.

1869 ـ يىلى دېكابىردا ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن پۇلىتسېر شتات پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن پۇلىتسېر ئۆزىنىڭ شتات پارلامېنتىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھاياتىدا تۇنجى قېتىم چەكسىز شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلدى.

پۇلىتسېرنىڭ يېڭى دوستلىرى ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە داۋىزون ئىسىملىك بىرى بار ئىدى، ئۇ پۇلىتسېرنىڭ ئىبسىل ئوقۇتقۇچىسىلا ئەمەس، يەنە سىردىشى ئىدى. قوڭۇر چاچلىق، كۆك كۆزلۈك داۋىزون ئابېردىندا تۇغۇلغان، پۇلىتسېردىن يەتتە ياش چوڭ، بەش خىل چەت ئەل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناس ئىدى. ئۇ، ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيەتتى، پەلسەپىنىڭ قەدرىنى بىلەتتى، ئۇ، كىشىلىك ھايات تاغ باغرىدىكى بىر قورۇ قوي، پەيلاسوپلار تەڭرى ئەۋەتكەن مالچى، زىيالىيلار بەك بولسا شۇ مالچىنىڭ ئىتى دەپ قارايتتى. ئۇ ماتېرىيالىزمنى تەتقىق قىلىمەن دەپ دىندار لايىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ پۇلىتسېر بىلەن ئۈچ خىل تىلدا پاراڭلىشالايتتى. داۋىزون ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە چوڭقۇر پىكرى بىلەن پۇلىتسېرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا داۋىزون پۇلىتسېرنىڭ خىزمەتتىكى ئىلھامچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. پۇلىتسېر داۋىزوندىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى.

پۇلىتسېر تۇغۇلۇشىدىنلا بىر جەڭچى ئىدى. ئۇ مەيلى گېزىتچىلىك ساھەسىدە ياكى سىياسىي ساھەدە بولسۇن، كۇرەشنىڭ تىغ ئۇچىنى ئىرچىل تۇردە مەڭگۈلۈك دۈشمىنى — چىرىكلىككە قاراتتى. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئامما قەلبىدىكى

ئورنى بارغانسېرى ئۆستى. ئەمما، يوقىرى قاتلاملاردىكىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. بىر تەتۈر ئېقىم ئىقتىدارىنى نامايان قىلىۋاتقان پولتىسىرغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. زىددىيەت كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتاتتى.

1870 ـ يىلى سېنت ـ لۇئىستا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىنىدىغان بىر نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى سېلىشقا تەييارلىق قىلىندى. ئامىمنىڭ نەزىرىدە بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشى ئىدى. ئەمما، بۇ ياخشى نىيەتنىڭ ئارقىسىغا بەزى قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز. قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولغان سوت مەھكىمىسىدىكى يەرلىك سوتچىلار بۇ قىممىتى پاراۋانلىق قۇرۇلۇشىنى قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ چۆنتەكلىرىنى توشقۇزماقچى بولۇشۇپ نىيىتىنى بۇزدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىيىتى ئەڭ يامىنى كاپىتان ئېدۋارد ئاۋگوستىن ئىدى. ئۇ پۇل ۋە مۇناسىۋەت تورىغا تايىنىپ قۇرۇلۇش توختامىغا ئىمزا قويدى. پولتىسىر بۇ ئىشتىكى ھىيلە ـ مىكىرنى بىلگەندىن كېيىن، قىلچە ئىككىلەنمەستىن باشقىچە پىكرىنى بايان قىلدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى پارازىتلارنىڭ باجگىرلار مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتتە يىغقان دۆلەت بايلىقىنى يۇتۇۋېلىشىغا قاراپ تۇرالمايتتى. يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پولتىسىر ناھىيىلىك ئوتتۇرا سوتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ئىش تۈپەيلى قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاۋگوستىن پولتىسىرغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. 27 ـ يانۋار ئىككى رەقىب بىر قاۋاقخانىدا ئۇچرىشىپ قالدى، پولتىسىر كىچىچە خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ناشتا قىلغىلى كىرگەنىدى. ئاۋگوستىن يېرىم ئىستاكان ئۈزۈم ھارىقىنى كۆتۈرۈپ پولتىسىرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھاراقنى ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە تۆكىۋەتتى. پولتىسىر ئاچچىقلانماستىن

ئاۋگۇستىندىن ئەدەپلىكرەك بولۇشنى، ھېچبولمىغاندا «كەچۈرۈڭ» دەپ ئەپۇ سوراشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، قەستەن چاتاق تېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئاۋگۇستىن «مەن تېخى سېنىڭدىن ئەپۇ سورامدىم، سەندەك بىر بەتبەشىرە يەھۇدىيدىن ئەپۇ سورامدىم، ئىشىڭنى قىل، سەن ئەڭ ياخشىسى كاتىككىڭگە كىتىۋال» دەپ پۇلىتسېرنى ھاقارەتلىدى. ئاچچىقى يامان پۇلىتسېر تېخى بىرنېمە دېگۈچىلا تەمبەل ئاۋگۇستىن ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. بىچارە پۇلىتسېر ياتىقىغا مىڭ تەستە قېچىپ كىلىپلا ياستۇقى ئاستىدىكى تاپانچىسىنى ئالدى. ئۇزاقتىن بويان خورلۇق ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان پۇلىتسېرنىڭ قېنى قىزىپ غەزىپى تاشتى. ئۇ تاپانچىسىنى ئېلىپ قاۋاقخانىغا باردى. چالا مەست، كۆزلىرى قىزارغان ئاۋگۇستىن ئۇنى «ھۇ توخۇ يۈرەك، مەن سېنى تېخى ئانىسىنى چاقىرغىلى كەتتىمىكىن دەپتىمەن، سەنمۇ بىر ئەرمۇ؟...» دەپ مازاق قىلدى ھەمدە گېپىنى تۈگەتمەيلا پۇلىتسېرغا يەنە ئېتىلىپ كەلدى. ئىككىيلەن گىرەلىشىپ ئېلىشىپ كەتتى. ۋەھشىي ئاۋگۇستىن ئامبۇردەك چىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى چىشلىۋالدى. ئۇ بىلىكىنىڭ قاتتىق ئاغرىقىغا چىداپ تاپانچىسىنى ئېلىپ ئوق ئۈزدى. «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاۋاقخانا تىترەپ كەتتى. قاۋاقخانىدىكى چاشقاندەك قورقۇنچاق كىشىلەر ئاغزىدىكى ئىشىنىمۇ يۇتماستىن قىستاشقىنىچە بەدەر تىكىۋەتتى. ئاۋگۇستىن گۈپپىدە يىقىلدى ـ دە، بوغۇزلانغان چوشقىدەك تولاپ كەتتى. ئوق ئاۋگۇستىننىڭ جان يېرىگە تەگمەي يوتىسىغا تەگكەنىدى. ئاۋگۇستىننىڭ جان يېرىگە تەگمەي قېيىپ كەتكەن بۇ ئوق ۋەقە نەتىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولدى. پۇلىتسېر قاتىللىق مەقسىتىگە يېتەلمىگەن دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندى. بەختكە يارىشا پۇلىتسېر قانۇننى پىششىق بىلەتتى. ئۇ سوراق دەۋاسىدا قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلىدى، ئامالسىزلىقتىن ئوق چىقىرىپ ئۆزىنى

قوغدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دېلو پۇلىتسېرنىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە، 400 يۈز دوللار دەۋا ھەققى تۆلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

## 5. سىياسىي ساھەدىكى ئوڭۇشسىزلىق

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك سوتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش لايىھىسى ئاخىر ماقۇللاندى. سوتنىڭ كۆز بوياмچىلىقىمۇ ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، ئاۋگۇستىنىنىڭ توختامىمۇ بىكار قىلىندى. ئەمما، پۇلىتسېرنىڭ باشقا لايىھىلىرى ماقۇللانمىدى. شۇڭا، ئۇ مارتنىڭ ئاخىرىدا قانۇن تۈرغۇزۇش كومىتېتىدىن يېنىپ چىقتى.

پۇلىتسېر «غەرب پوچتا گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەش داۋامىدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېزىتلەرنى، بولۇپمۇ نيۇيورك شەھىرىدە تارقىتىلىدىغان گېزىتلەرنى تەتقىق قىلدى. ئىقتىسادنىڭ ئۈرۈشتىن كېيىن تېز تەرەققىي قىلىشى، ئەركىن كاپىتالىزمنىڭ مونوپول كاپىتالىزمغا تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئامېرىكىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە قاتناش ترانسپورت، تېلېگرامما خەۋەرلىرى، مەتبەئە، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى گېزىتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نيۇيوركتا بېسىلىپ چىقارغان «پېشۋالار گېزىتى»، چارلىز ئاندېرسېن دانا چىقارغان «قۇياش گېزىتى»، ناھايىتى ئوبدان چىقىرىلىۋاتاتتى. بۇ گېزىتلەرنىڭ ئىستونلىرى خىلمۇخىل، قەلىمى ئۆتكۈر بولۇپ، قىزىقچىلىق، ھەزىل ـ چاقچاق، غەزەپ ـ نەپرەت، تىل ـ ھاقارەتلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرىدا زۇڭتۇڭنى مەسخىرە قىلىشى، تۆۋەندە خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈش پۇلىتسېرنىڭ دىلىنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى. ئۇ «غەرب پوچتا گېزىتى»نىڭ بۇ

گېزىتلەرگە قارىغاندا بىر ئىستاكان قايناق سۇدەك تەمسىزلىكىنى ھېس قىلدى.

ياش پۇلىتسېر ئۆزىنىڭ گېزىت چىقىرىش جەھەتتىكى چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇنىڭ قانات قېقىپ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىغا ئازلا ۋاقىت قالدى.

# ئىككىنچى باب ئامېرىكا گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى مۆجىزە

بەختلىكمەن، چۈنكى سۆيىمەن، مەندە سۆيگۈ بار.
— بىرووۋنىڭ

## 1. زېرەك مۇخبىر، ئالدىراش ئۆتكەن شېرىن ئاي

جوزېف پۇلىتسېر قىلىۋاتقان خىزمىتىنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ، ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇ خەۋەر يازغاندا قايتا ـ قايتا ئويلايتتى ۋە پىكىر يۈرگۈزەتتى. كىشىلەر نەزەر سالمىغان نۇقتىلارنى تاللايتتى، كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان، ئەمما قويالمىغان يېڭى ـ يېڭى پىكىر مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش روھى ۋە ئاجايىپ ياخشى ئىپادىسى جەمئىيەتنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشتى، ئۇ شۇرتىسنىڭ قابىل ياردەمچىسى بولۇپلا قالماي، يەنە جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى خوراس گرېلى «نيۇ ـ يورك مۇنبەر گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى ئىدى. ئۇنىڭ گېزىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات غايىسى پۇلىتسېرنىڭ قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا، گرېلى 1872 ـ يىلى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتناشقاندا، پۇلىتسېر ۋە شۇرتىس تۆۋەنگە بېرىپ كىشىلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلدى، مىسسۇرى ۋە ھىندىئانا

شتاتى قاتارلىق جايلاردا ئۇنىڭ سىياسىي غايىسىنى تەشۋىق قىلدى ھەم كۆپ قېتىم پاساھەتلىك نۇتۇق سۆزلىدى. گەرچە سايلامدا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما پۇلىتسېرنىڭ كامالەتكە يەتكەن نۇتۇق سەنئىتى، نېمىس تىلىنى راۋان سۆزلىشى، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

سايلام مەغلۇبىيىتى تەسىرىدە «غەرب پوچتا گېزىتى»نىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئازلاپ كەتتى، شۇرتىس قاتارلىقلارنىڭ رايى قايتىپ بۇ گېزىتنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلەندى، گېزىتنىڭ پايچىلىرىمۇ دەككە ــ دۈككە ئىچىدە قالدى. ئەمما، پۇلىتسېر ئىشەنچكە تولدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يىغقان پۇللىرىغا بۇ گېزىتنىڭ بىر قىسىم پاي چېكىنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى ۋە گېزىت چىقىرىش تەجرىبىسىگە تايىنىپ ئىستىقبالى غۇۋا بۇ گېزىتنى ياخشى چىقىرىش ئارقىلىق ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي «غەرب پوچتا گېزىتى» يەنە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. زېرەك شۇرتىس پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئۇ قايتا ــ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق يۇقىرى باھا بىلەن پاي چېكىنى قايتۇرۇۋالدى، بۇ سودىدا پۇلىتسېر جىقلا پايدا ئالدى. دەسمايىسى كۆپەيگەن پۇلىتسېرنىڭ نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. بۇ قېتىمقى پايدا ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە ئىلھامبەخش ئەتتى. ئۇ 1874 ــ يىلى يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن «مىسسۇرى گېزىتى»نى سېتىۋالدى. كېيىن ئۇ مەزكۇر گېزىتنى تەرتىپكە سالدى ۋە «يەر شارى گېزىتى»دىكىلەرگە سېتىۋەتتى. ئۇ بۇ سودىدىن 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پايدا ئالدى. پۇلىتسېر سودىگەر ئەمەس، ئۇنىڭ كۆرەش نىشانى پۇل تېپىش بولماستىن، ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا گېزىت چىقىرىش، بۇ ئارقىلىق خەلق ساداسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش ھەمدە گېزىت ئارقىلىق تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىش، ئاممىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىدى.

پۇلىتسېر بىلەن شۇرتىس ئالتە يىل ھەمكارلاشقاندىن كېيىن، ھەرقايىسىسى ئۆز يولىغا مېڭىشتى. بۇ قىسمەت ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەندى. چۈنكى، پۇلىتسېرنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش مىجەز - خاراكتېرى ۋە ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئىدىيىسى ئۇنىڭ بۈيۈك شەخسلەرنىڭ سايىسىدە كۈن ئېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. زىددىيەت جېففېرسون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا كەسكىنلىشىپ كەتتى. پۇلىتسېر بۇ قۇرۇلتاينىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتايىن ئىقتىدارسىز ئادەملەرنى نامزات قىلىپ كۆرسەتكەنلىكىگە چىداپ تۇرالمىدى، بۇ ناھەقچىلىكتىن غەزىپى ئۆرلىگەن پۇلىتسېر كۈچىنىڭ بارىچە بۇلارغا قارشى تۇردى، ئەمما شۇرتىس قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن قاتتىق پۇشايمان قىلغان پۇلىتسېر ئىلاجسىز سېنت - لۇئىسقا قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىلىدىن مۇستەقىل دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى.

دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان تېلدېن بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان خايېس 1876 - يىلى ئىككىنچى قېتىم ئامېرىكا زۇڭتۇڭلۇق سايلىمى رىقابىتىگە قاتناشقاندا، پۇلىتسېر ئۇستازى شۇرتىس بىلەن ئۆز پارتىيىلىرىنىڭ نامزاتى ئۈچۈن يۈزمۇيۈز رىقابەتكە چۈشتى. پۇلىتسېر نۇرغۇن يەرلەرگە بېرىپ، ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىدا سايلام نۇتقى سۆزلىدى، ئۇ كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر نۇتقى ئارقىلىق سايلىغۇچىلارنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ئۇ سايلام مەزگىلىدە دانانىڭ «قۇياش گېزىتى»نىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە مۇخبىرى بولۇپ ئىشلەپ بۇ گېزىتتە سايلامغا ئائىت نۇرغۇن مۇھىم ئۇچۇر - خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىپ، «قۇياش گېزىتى»نىڭ سىياسىي رولىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى، سېتىلىش مىقدارىنىمۇ

كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى. ئۇ مۇخبىرلىق ئالاھىدە سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سايلىمى ئۇچۇن جانلىق خىزمەت ئىشلىدى، ئېگىلمەس ـ سۇنماس، قىزغىن، قورقماس كۈرەش قىلىش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. بىراق، زىيادە چارچاش ۋە جىددىيلىك ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە قاتتىق تەسىر يەتكۈزدى. ئۇ توختىماي يۆتىلىدىغان، قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بىر ياشنىڭ كۈرەش قىزغىنلىقىنى قانداقمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟

سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش پۇلىتسېرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇ سىياسىيغا شۇنداق قىزغىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا سىياسىينىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت تاقاقلىق ئىدى. بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ نەتىجىسى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. خايېس سايلىنىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر غەلىبىگە ئېرىشتى. پۇلىتسېرنىڭ سىياسىي ساھەگە كىرىش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. مەغلۇبىيەت بىلەن غەزەپ ئۇنى كۈندىن ـ كۈنگە مەيۇسلەندۈردى.

پۇلىتسېرنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا مىجەز ـ خاراكتېرى زىددىيەتلىك ئىدى. بىر جەھەتتىن ئۇ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان خاراكتېر ـ خىسلەتكە ۋە تالانت ـ ئىقتىدارغا ئىگە بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن مىجەزىنىڭ چۈسلۈقى، گۇمانخورلۇقى بىلەن ئادەتتىكى ئادەملەردىن روشەن پەرقلىنەتتى، بەزىدە يەنە لىكتاسما بولۇۋالاتتى. ئۇ سىياسىيغا ئۇتتەك قىزىقاتتى، قورۇق قول بىلەن ئىگىلىك تىكلەشكە ئىنتىلەتتى. يەككە ـ يېگانە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قازىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ سىياسىي، ئاخبارات ۋە قانۇن ساھەسى ئارىسىدا ئېسەنگىرەپ يۈرەتتى. 30 غا يېقىنلىشىپ قالغان پۇلىتسېرنىڭ تۇرمۇشى گاڭگىراش ۋە ئارىسالدى بولۇش بىلەن ئۆتتى.

ئۇ گاڭگىراپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ھاياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم

شەخس ــ كاتېرداۋس خېنىم بىلەن تونۇشتى.

كاتېرداۋس گېئورگى شەھىرىدىكى بىر دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلغانىدى. دادىسى گېئورگى شەھەردىكى بىر سوتچى بولۇپ، ئىلگىرىكى جەنۇب فېدېراتسىيىسى زۇڭتۇڭى جىففېرسون داۋسىنىڭ شىرەم تۇغقىنى ئىدى. ئانىسى كاتېرىن نام - ئابرۇيلۇق ئائىلىنىڭ ئەۋلادى ئىدى. داۋس خېنىم كىچىكىدىنلا ياخشى تەربىيىلەنگەن، تۇغۇلۇشىدىنلا لاتاپەتلىك، ئەقىللىق، باشقىلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە ماھىر، سىلىق - سىپايە، ئوچۇق - يورۇق ۋە كەڭ قورساق ئىدى. پولتسېر داۋس بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن يېڭى بىر ھاياتقا، چىن مۇھەببەتكە ئېرىشكەندەك بولدى. پولتسېر ھەر ۋاقىت داۋسىنىڭ گۈزەل سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە قەلبىدە ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان ھودۇقۇش ۋە شېرىن تۇيغۇ پەيدا بولاتتى. 30 دىن ھالقىغان پولتسېر مۇھەببەتنىڭ تەمىنى تېتىش ئالدىدا ئىدى.

گۈزەل، باي داۋس خېنىم پولتسېرنىڭ نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، تەقى - تۇرقى، چىراي - شەكلىنىڭ كۆرۈمسىزلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، ئاجايىپ ئىقتىدارى، قەيسەر ئىرادىسىدىن تەسىرلەندى. ئۇ كىشىلەر مەسخىرە قىلىدىغان بۇ يىگىتنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدى.

ياخشى ئىش كۆپ ئەجىردىن كېلىدۇ. پولتسېرنىڭ داۋسىنىڭ دادىسىغا بەرگەن تەسىرى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن يامىنى ئۇ يەھۇدىيلارغا بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولۇپ، يەھۇدىينى كۆيئوغۇل قىلىشقا قەتئىي قارشى ئىدى. مۇھەببەت ئۇچۇن بارلىقىنى قۇربان قىلىدىغان پولتسېر ئۆزىنىڭ يەھۇدىي قېنىدىن ئىكەنلىكىنى يوشۇردى. بۇ «ئاقىلانە»لىكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك كەلتۈردى.

1878 - يىلى 10 - ئىيۇل پولتسېر بىلەن داۋس

ۋاشىنگتوندىكى بىر چېركاۋدا داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. داۋس ئائىلىلارغا خاس كەڭ قورساقلىق بىلەن پۇلىتسېرنىڭ ھەممە كەمچىلىكىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر قوبۇل قىلالمايدىغان خۇي ـ مىجەزىنى كەچۈرۈۋەتتى. بۇنداق گۈزەللىك، بەخت ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھ پۇلىتسېرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينىدى.

پۇلىتسېر ئەر ـ ئايال شېرىن ئېيىنى ياۋروپاغا ساياھەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش بىلەنلا بولۇپ كەتمەستىن يەنىلا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كىتاب كۆردى، ئۆگەندى ۋە خىزمەت قىلدى ھەمدە ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلدى. نادانىڭ «قۇياش گېزىتى»گە بىر مۇنچە يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى يازدى، قىسقىغىنا 10 ھەپتىنىڭ بەكلا تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىككىيلەن ھەيران قېلىشتى.

## 2. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلىنىشى

1878 ـ يىلى پۇلىتسېر ئەر ـ ئايال ئامېرىكىغا قايتىپ، ئايرىلغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشقان سېنت ـ لۇئىسقا كەلدى. ئەينى چاغدىكى «سېنت ـ لۇئىس تېلېگراف خەۋىرى گېزىتى» يىلدىن ـ يىلغا زىيان تارتىۋاتقاچقا، گېزىتخانىنى باھا تالاشتۇرۇپ ساتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى. پۇلىتسېر خەۋەرنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى. ئۇ كالتە پەم ئاغىنىسى دانىيېل خاۋزېر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن غەربىي ئامېرىكا فېدېراتسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى بار بۇ گېزىتخانىنى 2500 دوللارغا ئەرزانلا سېتىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىغا بەخت قۇشى قونغاندەك ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىر باشلىنىشلا ئىكەنلىكى، بۇنىڭدىن

كېيىنكى يولىنىڭ تېخىمۇ ئەگرى ـ توقاي ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

## 3. تالانتنىڭ ئاشكارىلىنىشى

سېنت ـ لۇئىسنىڭ ھاۋاسى ئاۋۋالقىدەكلا بولسىمۇ، لېكىن پۇلىتسېرغا ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئوچۇقتەك تۇيۇلدى، ئۇ «تېلېگراف خەۋىرى گېزىتى»نى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئىنتايىن روھلىنىپ، زېھنىنى تېخىمۇ يىغىپ ئىشلىدى. ئازراقمۇ بوشاڭلىق قىلمىدى. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى پەيلاسوپلىرى ئېيتقان «ۋاقىت ئاقفان سۇ» دېگەن سۆزنى تولىمۇ قۇۋۋەتلەيتتى، شۇڭا ئۇ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن جان تىكىپ ئىشلىدى. ھەربىر دەقىقە ۋاقىتنى ھاياتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى دەپ قارىدى. كرىزىس تۈيغۇسى ئۇنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تىرىشچان قىلمۇەتتى، ئۇ ئۆز گېزىتخانىسىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

سېنت ـ لۇئىسنىڭ ئەينى چاغدىكى گېزىتچىلىك ئىشلىرى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. پۇلىتسېر چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن «تېلېگراف خەۋىرى گېزىتى»نىڭ ئاساسىي رىقابەتچىسى «پوچتا گېزىتى» بىلەن «چولپانلار گېزىتى» ئىكەنلىكىنى، بىراق بۇ ئىككى خىل گېزىتنىڭمۇ ھالى خارابلىقىنى بايقىدى، پوچتا گېزىتىنىڭ خوجايىنى دىرون پۇلىتسېر بىلەن كونا تونۇش ئىدى. ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئائىلىسى ناھايىتى باي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گېزىت چىقىرىش تەجرىبىسى ۋە غەيرىتى كەم ئىدى، «پوچتا گېزىتى» بىلەن «تېلېگراف خەۋىرى گېزىتى»نى بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پۇلىتسېر شېرىن ۋە تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر دىروننى

تەسىرلەندۇردى. ئىككى گېزىت بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن «پوچتا گېزىتى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەيلا دىرۇن خوجايىنلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى ـ دە، شۇ زامان بارلىق پاي چېكىنى پۇلىتسېرغا سېتىپ بېرىپ «پوچتا گېزىتى»دىن ئۇزۇل ـ كېسىل چېكىنىپ چىقتى.

بەزىدە كونا بىر گېزىتنى ئۆزگەرتىش يېڭى گېزىت چىقىرىشتىنمۇ تەسكە چۈشىدۇ، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دادىللىق ۋە شىجائەت بولمىسا بولمايدۇ، پۇلىتسېردا مانا مۇشۇنداق ئىقتىدار بار ئىدى. بۇنى بىر گېزىتنىڭ تارقىتىلىش ئىلاۋىسىدە كۆرسىتىلگەن «پوچتا خەۋىرى گېزىتى» ھەرقانداق بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ... مەيلى قەيەردە، قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئۇ تۈرلۈك شەكىلدىكى ساختىپەزلىككە قارشى تۇرىدۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ تەدبىر قوللىنىپ، ئۆرپ ـ ئادەت قارىشىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكنى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھ جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ» دېگەن ئىسلاھات روھىغا باي، مەردانە سۆزلەردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. پارتىيە گۇرۇھىدىن خالىي «بىتەرەپ»لىك بايرىقى ئاستىدىكى «پوچتا خەۋىرى گېزىتى» جەمئىيەتتىكى يامان كەيپىياتقا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، جەمئىيەتتىكى نۇقسانلارنى ئېچىپ تاشلىدى. تۇرمۇشقا يېقىنلىشىش پۇلىتسېرنىڭ گېزىت چىقىرىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ئىدى، ئۇنىڭ ماقالىلىرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ تىلى ئۆتكۈر، كۈچلۈك، بەزىلىرىنىڭ يۇمۇرلۇق بولۇپ، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇ باج ئوغرىلىغان ۋە باج تاپشۇرمىغان باي سودىگەرلەر، چاكىنا ـ پەسكەش سىياسەتۋازلار، ھۆكۈمەت نامىنى سېتىپ ئۆزى پايدا ئالىدىغان «جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى» ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى قىمارۋازلار گۇرۇھىنى ئۆزىنىڭ زەربە بېرىش نىشانى قىلدى، بىر قېتىم ئۇنىڭ قول

ئاستىدىكى بىر مۇخبىر زاسپداتىللار ئۆمىكىنىڭ پاھشە ئايالىلار توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىنى قولغا چۈشۈردى. تەھرىر بۇنى پاش قىلىش مەسىلىسىدە ئىككىلىنىپ قالدۇ. پۇلىتسېر، دانالارنىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «مۇقەددەس پەرۋەردىگارىم بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە ئىجازەت بەرگەنىكەن، بىز نېمىشقا ئۇنى پاش قىلىشتىن تەپ تارتىدىكەنمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاچ كۆز، پەسكەش پاھىشىخانا خوجايىنلىرىنىڭ، مۇتتەھەم ئەمەلدارلارنىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ئېچىپ تاشلايدۇ.

پۇلىتسېر ھەمىشە جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ ۋە يىرگىنچلىك تەرەپلىرىگە مەردانىلەرچە زەربە بېرەتتى. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا رەزىللىكلەردىن قاتتىق يىرگىنىدىغان مىجەزى بىلەن جەمئىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئارزۇ - ئىرادىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە گېزىتنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىمۇ ئاشۇردى. شۇڭا، «پوچتا خەۋىرى گېزىتى» دە پۇلىتسېرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەندى. ئۇ گېزىت جانلىق، كۈچلۈك، «ھېسسىياتلىق بولغاندىلا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكىلى بولىدۇ» دەپ قارايتتى. بۇنداق «ئورتاق ھېسسىيات» لار گېزىتنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتەلەيتتى، شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ ئاممىنى يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش ئارزۇسى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشاتتى. بىراق، پۇلىتسېر، بۇ مەقسىتىگە يېتىشتىكى مۇھىم ۋاستە گېزىتكە ھېسسىياتلىق ماقالىلەرنى چىقىرىشلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى گېزىتنى ھاياتىي كۈچكە، چىنلىققا ئىگە قىلىشتا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

پۇلىتسېر دۇچ كەلگەن خەۋپ گېزىتنىڭ مۇلايىم مۇشتەرىلىرىدىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ تۇرلۇك بېسىم ۋە تەھدىتلەرگە چىدىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشقا ماڭغاندا، كۆزەينىكى

بىلەن قەلىمىنى ئالغاندىن باشقا تاپانچىسىنىمۇ ئېلىۋالاتتى.
بىر كۈنى كەچ ئىشنى ئەمدىلا تۈگىتىپ بولغان پۇلىتسېر ئىشخانا بىناسىدىن چىقىپ بىر ماگىزىندىن ئېغىر ئاياغ ئايالىغا بىر سوۋغا ئېلىپ قايتىۋاتاتتى. ئايالى پەمىدۇرغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ ماگىزىندىن چىقىپ نەچچە قەدەم ماڭغاندا، ماڭمايلا قالدى تەرەپتىكى دەرەخلىكتە بەستلىك بىر گەۋدىنى كۆرۈپ قالدى، پۇلىتسېر تاپانچىسىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، پەمىدۇردىن بىرنى ئېلىپ ئاتتى. پەمىدۇر يۈزىگە تەگكەن ئۇ ئەبلەخ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆزىنى تامنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ يۈزىنى سۈرتتى. پۇلىتسېر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى، ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كاتىپ بۇ ئىشنى چاقچاق قىلىپ تىلغا ئالسىلا پۇلىتسېر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.
لۇكچەكلەر، قارا نىيەتلەر باتۇر پۇلىتسېرنى قورقۇتالمىدى، بىراق بۇ قېتىمقى ئىشتىن ئايالى كاتىپ قاتتىق چۆچۈدى، ئۇ بالىلىرى سەل چوڭ بولغاندا، كۈندە دېگۈدەك ئۇلارنى يېتىلەپ گېزىتخانىغا بېرىپ، ئېرىنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئۇدۇلىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىراش ئىشلەۋاتقىنىغا قاراپ تۇرىدىغان بولدى، ئىشتىن چۈشكەندە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە قايتتى. بۇ پۇلىتسېرنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك چاغلىرى ئىدى.
ئادەمنىڭ ھاياتى دەريا ئېقىنىغا ئوخشايدۇ، ئادەم رىيازەت چەكمىسە ۋە تۇسالغۇغا ئۇچرىمىسا، ھاياتلىق دېڭىزىدىن دولقۇن ھاسىل قىلالمايدۇ، بۇزغۇن چاچرىتالمايدۇ. پۇلىتسېر ۋە ئۇنىڭ «پوچتا خەۋىرى گېزىتى» بوران ـ چاپقۇن ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇنىڭ تىرازى 1879 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 4984 كە يەتتى. ئىلان كىرىمىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاشتى. پۇلىتسېر پۇرسەتنى بىلىدىغان ۋە ئۇنى قولدىن بەرمەيدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ «پوچتا خەۋىرى گېزىتى»نى تۆت بەتتىن سەككىز بەتكە كۆپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن

گېزىتخانىدىكى ھەربىر ماشىنا كۈندە 10 نەچچە سائەت ئىشلەيدىغان بولدى.

پۇلىتسېرنىڭ خىزمەت مىقدارى ھەرقانداق ماشىنىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھاياتنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى تاۋلىنىش، يەنە بىر خىلى چىرىش ئىدى. ئۇ كەسىپ داۋامىدا ئۆز ھاياتىنى تاۋلىماقچىدى، شۇڭا ئۆتكۈر تەپەككۇرى، كارامەت ئىقتىدارى بىلەن ئالتە ـ يەتتە ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلاتتى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىردەممۇ دەم ئالمايتتى. بۇ گېزىتخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىمۇ سېنت ـ لۇئىس بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىدى. بىراق، گېزىتخانىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ھەتتا ھاياتى دەپ بىلىش ئۇلارغا قويۇلىدىغان ئالدىنقى شەرت ئىدى، پۇلىتسېرنىڭ «پىكىر يۈرگۈزۈش، پىكىر يۈرگۈزۈش، يەنە پىكىر يۈرگۈزۈش؛ ئىجتىھات، ئىجتىھات، يەنە ئىجتىھات»، «توغرا بولۇش، توغرا بولۇش، يەنە توغرا بولۇش»تىن ئىبارەت ئىزچىل خىزمەت ئىستىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەقىدىسى بولۇپ قالغانىدى.

كىشىلەر قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان خادىملارنىڭ ھامان ئىشتىن بوشىتىلىدىغانلىقىنى، بىراق پۇلىتسېر ھەمىشە تەنقىد قىلىغان ۋە تەربىيە بەرگەنلەرنىڭ دەل ئۇ ئىشەنگەن ۋە ئۈمىد باغلىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشتى. شۇڭا، پۇلىتسېر سىلىق ـ يۇمشاق ئۇسۇلنى قوللانسۇن ياكى قاتتىق تەنقىد قىلسۇن ئۇلار قوبۇل قىلاتتى، «پوچتا خەۋىرى گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇھەررىرى كوككېرىل تۆھپىسى ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن گېزىتخانىنىڭ پاي چېكى بىلەن ئالاھىدە مۇكاپاتلاندى. پۇلىتسېرنىڭ ئەسلىدىكى رىقابەتچىسى بولغان «چولپانلار گېزىتى»مۇ ئاخىر قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن تاقىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە «پوچتا خەۋىرى گېزىتى» شۇ جايدىكى ئىنگلىز تىلىدا چىقىرىلغان بىردىنبىر گېزىت بولۇپ قالدى ...

# 4. تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئوق ئاۋازى

1882 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 5 مەھەل. «پوچتا خەۋىرى گېزىتى»دىكى خادىملار ئالدىراش ئىشلىمەكتە ئىدى. ھەممە جايى ـ جايىدا كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز مۇئاۋىن باش مۇھەررىر كوككېرىلنىڭ ئىشخانىسىدىن نەچچە پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەر ئىشخانىغا كىرىپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى، كوككېرىل ئورۇندۇقىدا يىقىلغان ھالەتتە ئولتۇراتتى، شۇ جايدىكى مەشھۇر ئادۋوكات سىلېيگ باركىنىڭ جەسىتى سۇنايلىنىپ ياتاتتى، قولىدا ئېلىشقا ئۆلگۈرەلمىگەن تاپانچىسى سىقىملاقلىق تۇراتتى. قاتىللىق ۋەقەسىنىڭ سەۋەبى ئاددىي ئىدى، سلېيگ بارك بىلەن كوككېرىل قەدىناس ئاغىنىلەردىن بولۇپ، 1882 ـ يىلىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى سايلىمى بۇ تىراگېدىيىنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغانىدى، يەنى، سلېيگ بارك قوللىغان نامزاتلار كوككېرىلنىڭ رەقىبلىرى بولغانلىقتىن ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە رەقىب بولۇپ قالغانىدى. كوككېرىل «پوچتا خەۋىرى گېزىتى»دە سلېيگ باركنى ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن سۆكتى. ئاچچىقى يامان سلېيگ بارك قورال ئېلىپ تەھرىر بۆلۈمىگە بېسىپ كىرىپ، كوككېرىلغا تەھدىت سېلىپ تاپانچىسىنى چىقارماقچى بولۇۋاتقاندا، ھەربىي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان كوككېرىل چاقماق تېزلىكىدە تارتمىسىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ بۇ «زىيارەت قىلغۇچى»غا ئوق ئۈزگەن. سلېيگ بارك شۇ يەردىلا ئۆلگەن. شۇنىڭ بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ۋەقە يۈز بەرگەنىدى.

«پوچتا ـ خەۋىرى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە يۈز بەرگەن دېلو ناھايىتى تېزلا مۇھىم خەۋەر بولۇپ قالدى ۋە تېزلىكتە

جەمئىيەتنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تارقالدى. پۇلتسىبىرنىڭ دۇشمەنلىرى ئۇنىڭغا كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىكتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىشتى ۋە ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك قىلىشتى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ ۋەقەنى ئەزۋەيلەشتى. پۇلتسىبىرنى سېنت ـ لۇئىستا تۇرالمايدىغان قىلىشۋەتمەكچى بولۇشتى. دەۋاگەرمۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سلېيگ بارك قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا ئۆلتۈرۈلگەن، سلېيگ باركنىڭ قولىدىكى قورالنى «پوچتا ـ خەۋىرى گېزىتى»دىكىلەر دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن تۇتقۇزۇپ قويغان دەپ تۇرۇۋالدى. ۋەقە يۈز بېرىپ بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا «پوچتا ـ خەۋىرى گېزىتى» ۋە پۇلتسىبىرغا بەتناملار يېغىپ كەتتى. پۇلتسىبىر دەرھال سېنت ـ لۇئىسقا قايتىپ تۇرمىگە بېرىپ كوككىبىرلىنى يوقلىدى ھەم شۇ زامان گېزىتتە بايانات ئېلان قىلدى.

يەتتە ھەپتىدىن كېيىن، بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سلېيگ باركنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قورال ئېلىپ تەھرىر بۆلۈمىگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ پاكىت كوككىبىرلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاخىر ئەيىبلەشنى بىكار قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقاردى.

كوككىبىرىل خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى، بىراق جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىشلىيەلمىدى. گېزىت تىراژىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىشىدەك قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پۇلتسىبىر ئامالسىز ھالدا كوككىبىرلىنى ئىشتىن ۋاقىتلىق بوشىتىپ، بۇرۇنقى ھەمراھى دىرونىنى قايتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇنى باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلىدى، دىرون شۇ يەردىكى نام ـ ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى خوپيانە ھالدا تەڭشىيەلەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پۇلتسىبىرنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاقىلانىلىك ئىدى.

مەسىلە ئاساسەن ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ئەھۋال پۇلىتسېرنىڭ بېشىنى قاتۇردى، شۇنداقلا «پوچتا ـ خەۋىرى گېزىتى»نىڭ نام ـ شۆھرىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئازلاپ كەتتى، مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ نيۇيوركتىكى ئىنىسى ئالبېرت پۇلىتسېرنى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئويناپ كېتىشكە تەكلىپ قىلدى. ئالبېرتنىڭمۇ گېزىتچىلىكتە خېلى تالانتى بار ئىدى. 1882 ـ يىلى ئۇ نيۇيوركتا «نيۇيورك ئەتىگەنلىك گېزىتى»نى نەشر قىلغانىدى. ئۇنىڭ پۇلىتسېرغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئالبېرت سىياسىيغا قىزىقمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ گېزىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەنتەربىيە، ھەتتا قىمار ـ چوكانلار، ئوۋ ـ شىكار، سەيلە ـ ساياھەت قاتارلىقلارغا ئائىت مەزمۇنلارنى ئاساس قىلاتتى. كۆڭۈل ئېچىش ئاساسىدا چىقىرىلىدىغان بۇ گېزىت ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى، پۇلىتسېر خىزمەتتىن ئاغرىغان كۆڭلىنى داۋالاش ۋە ئالبېرتنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال نيۇيوركقا، ئاندىن ياۋروپاغا بېرىپ ئارام ئالماقچى بولدى.

## 5. تاسادىپىي ئامەت

ئاپرېلدا نيۇيورك سەل سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن دېڭىزدىن كېلىۋاتقان ئىللىق باھار شامىلى دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئۇ شەھەرگە باھار ھىدى بەخش ئەتكەنىدى.

پۇلىتسېر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن 5 ـ كوچىدىكى بىر ھەشەمەتلىك مېھمانخانىغا چۈشتى. ئايالى ۋە بالىلىرى تولىمۇ شوخ ۋە خۇشال كۆرۈنەتتى، سەپەر ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ كەتتى، بىراق پۇلىتسېر كۆڭلى غەش ھالدا ھۇجرىسىغا بىكىنىۋېلىپ سىرتقا چىقمايتتى، كاتىپ ئايالىلارغا خاس مېھرىبانلىق ۋە نازاكەت بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى،

كونا بويى پاراڭلىشىپ ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى، كىچىك قىزى رالف لۇتپىنىڭ شوخ ۋە ئوماقلىقى، ئىنىسى ئالبېرتنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى پۇلىتسېرنىڭ قاتتىق چارچىغان جىسمىغا ۋە نېرۋىلىرىغا ئارامبەخش ئەتتى، بىر كۈنى ئەتىگەندە ئادىتى بويىچە گېزىت كۆرۈۋاتقان پۇلىتسېر تۇيۇقسىز گېزىتنى تاشلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئايالى ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئايالىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ «دۇنيا گېزىتى»نى ساتىدىكەن، سۆيۈملۈكۈم، «دۇنيا گېزىتى»نى ساتىدىكەن، دەپ ۋارقىرىدى.

پۇلىتسېر چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ ئاۋۋال كونا دوستى شۇرتىسنى تاپتى. ئۇ شۇ چاغدا «نيۇيورك كەچلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى ئىدى. كېيىن پۇلىتسېر «قۇياش گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى دانانى زىيارەت قىلدى. پۇلىتسېر دانا بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، «دۇنيا گېزىتى» توغرىسىدا نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى. ئۇ دانانىڭ ئۆيىدىن خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا ياتىقىغا كېلىپلا «دۇنيا گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى گوۋردنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بەردى. ئۇ گوۋردنىڭ تېلېفوننى ئېلىشقا تەقەززا بولۇۋاتاتتى. تېلېفون توختىماستىن «دىت - دىت» قىلىپ تۇراتتى. پۇلىتسېر رەللە بولۇپ: «ئادەم يوقمىدۇ؟» دەپ پىچىرلىدى ئۇز - ئۆزىگە. تامدىكى سائەت «داڭ - داڭ» قىلىپ 12 قېتىم داڭ ئۇردى. جىمجىت مېھمانخانىدا بۇ ئاۋاز ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىناتتى، پۇلىتسېر ۋاقىتنىڭ يېرىم كېچىلىكىنى بىلدى، كاللىسىغا مۇشتلاپ قويۇپ، «گوۋرد ھەرقاچان ئۇخلاپ قالدى» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، ئۇ كارىۋاتتا ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ قەتئىي ئۇخلىيالمىدى. «دۇنيا گېزىتى» خىيالىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى، تاڭ ئېتىشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ياتقان پۇلىتسېر سائەت 6 بولۇشىغىلا گوۋردقا تېلېفون بەردى، تەلىيىگە تېلېفوننى بىرى ئالدى، ئۇ گوۋرد بىلەن ناھايىتى

تەمكىن پاراڭلاشتى، ئۇنىڭ قويۇق، قىسقا قاشلىرى شەبنەمدەك سۇزۇك كۆزلىرى ئۈستىدە چىڭ تۈرۈلگەنىدى. چىرايى بولسا گاھى كۆكەرسە، گاھى تامدەك تاتىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئالامەتلەردىن قارىغاندا، سۆھبەت ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ھىلىنگەر گوۋرد پۇلىتسېرنى رەقىبىم دەپ قارايتتى، ئۇ تاقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان «دۇنيا گېزىتى»نى سېتىۋېتىشكە ئالدىرىسىمۇ، ئەمما ئۇنى رەقىبىنىڭ يۆتۈۋېلىشىغا چىدىمايتتى. شۇڭا، ئۇ 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ساتىمەن، دەپ بەك يۇقىرى باھا قويىدى. گېزىت رىقابىتى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولغان نيۇيوركتا تاقىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان گېزىتخانىغا بۇنداق يۇقىرى باھا قويۇش تولىمۇ بىمەنىلىك ئىدى، ئەمما گېزىت چىقىرىش تەجرىبىسى مول پۇلىتسېر بۇ باھاغا ماقۇل بولدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بۇ سودا 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بىلەن پۈتكەن بولدى. بۇ سودىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر بۇ ئىشقا كۈلۈشتى ۋە پۇلىتسېر توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىشتى، ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ قاراشتى، بەزىلەر ئۇ خېلى بالدۇرلا قىپقىزىل ساراڭ بولۇپ قاپتىكەن دېيىشتى.

پۇلىتسېر بۇ سودىدا راستىنلا ئۇتتۇردىمۇ؟

پۇلىتسېر ھېچقاچان تەييارلىقسىز جەڭ قىلمايتتى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»نىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلگەندىن كېيىن بۇ قارارغا كەلگەنىدى. «دۇنيا گېزىتى» دەسلەپتە دىنىي خاراكتېردىكى كۈندىلىك گېزىت ئىدى، كېيىن مانتون مارىبىل بۇ گېزىتنى ئۆزگەرتىپ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ گېزىتىگە ئايلاندۇردى. كېيىن مارىبىل سىياسىي ساھەدىن رايى قايتقان ۋە گاڭگىراپ قالغانلىقتىن بازىرى ئىتتىك بۇ گېزىتنى پۇل مۇئامىلە سودىگىرى گوۋردقا ئۆتكۈزۈپ بەردى. گوۋرد پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە مەشھۇر شەخس بولغىنى بىلەن گېزىتچىلىك

ساھەسىدە بىلىم تەجرىبىسى كەم ئىدى، شۇ سەۋەبتىن گېزىت يىلمۇيىل زىيان تارتتى، ئۇنداق ئەھۋالدا گوۋرد گېزىتخانىنى سېتىۋەتمەكچى بولغانىدى. پۇلتسېر نيۇيوركتىكى بىرنەچچە چوڭ گېزىتخانىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «دۇنيا گېزىتى»لا دېموكراتلار پارتىيىسىگە قاراشلىق گېزىت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گېزىتنىڭ ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ گۇۋاھنامىسى بار ئىدى. شۇ چاغدىكى بىرنەچچە گېزىتنىڭ تىرازى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما گېزىت خوجايىنلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى — ئوقۇرمەنلەرگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىدى. بۇ گېزىتلەر يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئېتىبارسىز قارىدى. پۇلتسېر مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىت ۋە ئۆزىنىڭ گېزىت چىقىرىش جەھەتتىكى مول تەجرىبىسىگە ئاساسەن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ چىقىش يولى بار، ئۇ نيۇيوركتىكى باشقا چوڭ گېزىتلەر بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۈچ سىنىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە، دەپ ھېسابلىدى.

پۇلتسېر كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بۇ خەۋەرنى ئىنىسى ئالبېرتقا يەتكۈزدى. ئەمما، نيۇيورك گېزىت ساھەسىدە باش كۆتۈرگەن بۇ يېڭى يۇلتۇز ئاكىسىنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپتى. ئەجەبا، پۇلتسېر ئاغا - ئىنى ئىككىيلەن نيۇيورك شەھىرىگە سىغماسمۇ؟ پۇلتسېر بۇ سودا ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرگەن چاغلاردا گوۋرد گېزىتخانىنىڭ ئەسلىدە كىلىشكەن باھاسىغا يەنە باھا چاپلىدى. گېزىتخانىدا ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قېلىپ ئىشلەتسە پارك كوچىسى 31 -، 32 - قورۇدىكى «دۇنيا گېزىتى» بىناسىنى ساتىدىغانلىقىنى، ئاندىن بۇ سودىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئېنىقكى، بۇ پۇلتسېرغا نىسبەتەن ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ 200 مىڭ

ئامېرىكا دوللىرىنى كۆپ تۆلەپلا قالماستىن، تېخىمۇ يامىنى ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىدىنمۇ مەھرۇم قالاتتى.

پۇلىتسېر گويا بىرى ئۇستىگە مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئىستىقبالى قاراڭغۇلاشتى، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتە قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىنىڭ نيۇيوركتىن كېتىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇ دەرھال ياتىقىغا بېرىپ يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇردى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كاتىپىرنىڭ چىرايلىق، سۇزۇك كۆزلىرى ئېسەنگىرىگەن ھالدا ئېرىگە تىكىلدى.

ئەمدى بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى ئەقىللىق ۋە كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان كاتىپىرنىڭ يىغىشتۇرۇشىغا توغرا كەلدى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئېرىگە تولىمۇ مۇھىملىقىنى، پۇلىتسېرنىڭ بۇ گېزىتتىن مەھرۇم بولۇشى يۈرىكىدىن ئايرىلغانغا تەڭ ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ سەپرا مىجەزىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتى، ئەگەر پۇلىتسېر ئاشۇ مىجەزى بىلەن گوۋرد بىلەن سودا قىلسا زىيان تارتاتتى.

ـــ يەنە بىر سىناپ كۆرۈڭ، سىز «100 قېتىم يىقىلساڭمۇ، يەنە ئورنۇڭدىن تۇرۇش يولىنى تاللىشىڭ كېرەك» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ بەلكىم بەك ئۈمىدلىنىپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، شۇڭا ئازراق ئۈمىدسىزلىنىشكىمۇ يول قويماپتىسىز، شۇنداقمۇ؟ ئۆزىڭىزنى ئازادىرەك تۇتۇڭ، كەيپىياتىڭىزنى نورماللاشتۇرۇپ، كۈچىڭىزنى يىغىپ يەنە بىر قېتىم ئورۇنۇپ بېقىڭ. رەقىبىمىزنى يېڭەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا ئاسانلا يېڭىلىپ بەرمەسلىكىمىز كېرەكقۇ، قانداق دەيسىز؟

كاتىپىر ئارقىدىنلا ئېغىر ئەمما تەمكىن تەلەپپۇزدا دېكلاماتسىيە قىلدى:

ـــ دېڭىز خادا تاشلىرى قانچە كۆپ بولسا، خەتەرلىكلىكى

بىلەن شۇنچە داڭ چىقىرىدۇ. مەن ناھايىتى زور خەتەر ئاستىدا ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈنكى، تارىختىكى ئۇلۇغ مۆۋەپپەقىيەتلەر قارىماققا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردىن قولغا كەلگەن.

كاتىپ ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن قىلغان نەسىھىتى ۋە چوڭقۇر تەھلىلى ئارقىلىق پۇلىتسېرنى نيۇيوركتا تۇتۇپ قالدى.

پۇلىتسېر گوۋرد بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆھبەتلەشتى. گوۋرد ئاخىر ئۇنىڭغا قول قويدى. پۇلىتسېر 346 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا «دۇنيا گېزىتى»نى سېتىۋالدى ھەمدە گېزىتخانىنىڭ ئىشخانا بىناسىنى ئارىيەتكە ئالدى، ئەسلىدىكى خادىملارنى ئۆزى تاللاپ ئىشلىتىدىغان بولدى.

## 6. شانلىق مۇۋەپپەقىيەت

«دۇنيا گېزىتى»دە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى.

بۇ گېزىتخانىدا ئۇزاق يىل ئىشلىگەن بەزى مۇھەررىرلەر ئاخىر گېزىتخانىدىن چىقىپ كەتتى، باشقىلارمۇ ئورنىنىڭ جىددىي خەۋپ ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى، يول شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا تولىمۇ جاپالىق بىلىنىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرىدىكى كۈنلەردىكىدەك تونۇش قاۋاقخانا، كاتتا مېھمانخانىغا كىرىشكە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماستىن، قورقۇنچلۇق بورى كوچىسىغا بېرىشقىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ پات ئارىدا سەرگەردان، ھاراقكەش ۋە تىلەمچىلەرگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇلارغا باشقا ئامال بارمۇ؟ باشقىلار ئۇلارنىڭ ئورنىنى ساقلاۋاتىدۇ ئەمەسمۇ. بۇ ئەلۋەتتە پۇلىتسېرنىڭ پىكرى ئىدى. چۈنكى، گېزىتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەرنى قولغا

كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، بۇ كىشىلەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسىم ئىكەنلىكى پۇلىتسېرغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. پۇلىتسېر شىجائەتلىك كوككېرىلنى چاقىرتىپ كەلدى. كوككېرىل «دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىك ئورنىغا قايتىدىن ئولتۇردى.

«دۇنيا گېزىتى» 11 ـ ماي ناھايىتى تەسىرلىك بىر خىتابنامە ئېلان قىلدى:

««دۇنيا گېزىتى›نىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى سېتىۋالدىم. بۈگۈندىن ئېتىبارەن بۇرۇنقى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. ئادەم ئىشلىتىشىمىز، تەدبىرلىرىمىز ۋە ئۇسۇل ـ چارىلىرىمىز ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئاساسىي مەقسىتىمىز ۋە سىياسىتىمىز ئوخشىمايدۇ، نىشانىمىز ۋە مەنپەئەتىمىز ئوخشىمايدۇ، مايىللىقىمىز ۋە ئېتىقادىمىز ئوخشىمايدۇ، ئىدىيىمىز ۋە روھىمىز ئوخشىمايدۇ.

كۈندىن ـ كۈنگە گۈللىنىۋاتقان شەھىرىمىزدە كىشىلەر شۇنداق بىر گېزىتكە موھتاجكى، بۇ گېزىتنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇپلا قالماي، مەزمۇنى مول بولۇشى، مەزمۇنى مول بولۇپلا قالماي، سەھىپىسى زور بولۇشى، سەھىپىسى زور بولۇپلا قالماي، باي ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىمەسلىكى كېرەك. بۇ گېزىت كونا دۇنيا خەۋەرلىرىنى ئازراق، يېڭى دۇنيا خەۋەرلىرىنى كۆپرەك خەۋەر قىلىشى كېرەك. بۇ گېزىت بارلىق ئالدامچى ـ قىزىل كۆزلەرنى ۋە نومۇسسىزلارنى پاش قىلىشى، بارلىق ئىجتىمائىي جىنايەتلەرگە ۋە ئىللەتلەرگە زەربە بېرىشى كېرەك. بۇ گېزىت سەمىمىي ـ سادىق پوزىتسىيە بىلەن خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

بۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە باھاسى ئىككى تىيىنلىق بىردىنبىر گېزىت.»

ئەڭ ياخشى شېرىكلەر ھېسابلانغان پۇلىتسېر بىلەن

كوككېرىل ئۆزلىرىنىڭ گېزىت تىجارىتى جەھەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى، ئۇلار ھېسسىياتلىق ۋە قوزغىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالە خەۋەرلەرنى كۆپلەپ بېسىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە يەنە گېزىتنىڭ قىزىقارلىق ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى.

پۇلىتسېرنىڭ گېزىت چىقىرىش ئۇسلۇبى جەھەتتە ئىنىسى ئالبېرتقا ئوخشىمايدىغان خاس ئالاھىدىلىكى ناھايىتى روشەن ئىدى: ئالبېرت گېزىتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىگىلا ئەھمىيەت بېرەتتى، ئەمما پۇلىتسېر قىزىقارلىق بولۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا، سىياسىۋىيلىكىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. پۇلىتسېر تۇغۇلۇشىدىنلا بىر خىل باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان روھقا ۋە مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش ئىرادىسىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، جەمئىيەت ئىسلاھاتلىرىنى پاش قىلىش جەھەتتە ئۇنىڭ ئىقتىدار ۋە ئىلھامىنى باشقا مۇخبىرلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. پۇلىتسېر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، ئۇ ماقالىلىرىدە پسىخولوگلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە سىياسىيونلارنىڭ نۇتۇق ماھارىتىنى نامايان قىلاتتى، ئۇنىڭ ماقالىلىرى زور تەسىرچانلىققا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ كۈرەش قىلىش روھىغا ئىلھام بېرەتتى. ئىللەت بىلەن تولۇپ كەتكەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئوينايتتى. ئۇنىڭ گېزىتىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ، تاللىغانلىرىنىڭ بەزىلىرى باشقا گېزىتتىكىلەر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ماتېرىياللار ئىدى. ئۇنىڭ مۇخبىرلىرى نيۇيوركنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇرغۇن مۇھىم خەۋەرلەرگە ئىگە بولۇپ كېلەتتى، بانكىرلار، بىردىنلا بېيىپ كەتكەنلەر، پاي چېكى ۋاستىچىلىرى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ قاتتىق زەربە بېرىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم

ئەمەلدارلىرىمۇ پۇلىتسېرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولالمىدى. بۇ گېزىتنىڭ سابىق خوجايىنى گوۋردىنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۆزۈل ـ كېسىل پاش قىلىندى، پارلامېنت ئەزاسى تېئودور روزۋېلت بىر تۈرلۈك خاتا تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزاققىچە مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى. بورى كوچىسىغا بارغان مۇخبىرلار نامراتلار مەھەللىسىدىكى كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان پۇقرالارنى ئاخىر پۇرىدى، مۇخبىرلار «ئاياللار ۋە باللار ئوسال مۇھىتتا بىر كۈنلۈك قان ـ تەرى ئۈچۈن ئېرىشىدىغان بەش موچەن ئۈچۈن دەرد ـ ئەلەم چەكمەكتە» دەپ چۇقان سالغاچقا «دۇنيا گېزىتى»نىڭ دىققىتى كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرۇنلا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا تاشلاندى.

«دۇنيا گېزىتى» نيۇيورك ئاھالىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ھەتتا نيۇيوركتىكى نامراتلارمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر گېزىتكە ئېرىشتى. ئۇزاقتىن بېرى بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئېرلاندىيىلىك، گېرمانىيىلىك، ئىسرائىلىيىلىك ۋە ئىتالىيىلىكلەرمۇ بۇ گېزىتتە ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئەكس ئېتىلگەنلىكىنى كۆردى.

ئۇلارنىڭ كۆن بويى ھېرىپ ـ ئېچىپ ئىشلەپ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى شۇ كۈندىكى «دۇنيا گېزىتى»گە بېسىلغان خەۋەرلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىش بولۇپ قالدى.

پۇلىتسېر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان «دۇنيا گېزىتى»گە نىسبەتەن ئەينى چاغدا «پوچتا خەۋىرى گېزىتى»گە قوللانغان باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى، يەنى ئائىلىگە ئۆز بېشىمچى ئائىلە باشلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇ چاغدىكى پۇلىتسېرنىڭ ۋۇجۇدىدىن قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇ تالانتلىق داھىيلارغا خاس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى، ئەتراپىدىكىلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى ۋە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ

ئۆز قابىلىيىتىنى كەسپكە بولغان قىزغىنلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق جەھەتتە ئىپادىلەيتتى. ئۇ گېزىتچىلىك ساھەسىگە يېڭى قەدەم قويغان چاغدىكىدەك سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، ئۇ يەنە ھەربىر بۆلۈمدىكىلەرنىڭ قابىلىيىتى، يېتەرسىزلىكى، قىزىقىشى، ئابرۇيپەرەسلىكىنى چۈشىنەتتى، ئۇلارنى خىزمەت داۋامىدا ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئىشلەشكە ھەمدە ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكنى تۈگىتىشكە دەۋەت قىلاتتى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ گېزىتخانىنى قولىغا ئېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، گېزىتنىڭ تىرازى بىر قاتلىنىپ 39 مىڭ نۇسخىغا يەتتى. ھالبۇكى، بۇ سان ئايدىن ـ ئايغا ئېشىۋاتاتتى.

## 7. زۇڭتۇڭ نامزاتىنى كۆرسەتكەن گېزىتچى

«مەن مەڭگۈ زۇڭتۇڭ بولالمايمەن، چۈنكى مەن چەت ئەللىك، ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈم زۇڭتۇڭ سايلايمەن.»

بۇ پۇلىتسېرنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈگىنى ئەمەس، بەلكى چىن يۈرەك سۆزى ئىدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېرىم ئۆمۈر كۈرەش قىلدى.

پۇلىتسېر «دۇنيا گېزىتى»نى سېتىۋالغاندىن كېيىن، تۈنجى قېتىم سىياسىي ساھەدىكى ئەرباپلار ئۆتكۈزگەن زىياپەتكە قاتناشتى. ئۇ بۇ زىياپەتتە دېموكراتىك پارتىيىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىردەك شتات باشلىقى كلېۋېلاندنى دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك بولغان زۇڭتۇڭ نامزاتى دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى ئېغىر بۆلۈنۈش كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى. سايلامدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك ئىدى. «دۇنيا گېزىتى» بۇ جەھەتتە كۈچلۈك جامائەت پىكرى

توپلاش رولىنى جارى قىلدۇردى، بۇنىڭ بىلەن دېموكراتلار پارتىيىسى كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى قىسقىغىنا ۋاقىتتا زور دەرىجىدە كۆپەيدى. پۇلىتسېر بىر تەرەپتىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەزالىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «دۇنيا گېزىتى»مۇ تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرگە ئېرىشتى. پۇلىتسېر ئاخىر نيۇيوركتا ئاۋام پالاتاسىغا كىرىپ پالاتا ئەزاسى بولۇپ قالدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن دېموكراتلار پارتىيىسى سايلام داۋامىدا كەسكىن ھالدا ئېلىشتى. پۇلىتسېر بۇ جاپالىق ئېلىشىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىلىۋېلاند بىلەن «دۇنيا گېزىتى» بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان بايلىق ئىدى. بۇ رىقابەتتە زاي كىم يېڭىدۇ؟ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئەمما پۇلىتسېر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئىشەنچىنى يوقاتمىدى. ئۇ مۇستەھكەم ئىشەنچكە بوشاشماستىن تىرىشچانلىق قوشۇلسا مۇقەررەر يوسۇندا غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. پۇلىتسېر قاتارلىقلار 1884 ـ يىلى 29 ـ ئۆكتەبىر مۇھىم ئاخباراتقا ئىگە بولدى: جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامزاتى بلاين ئۆزلىرىنى قوللىغان پوپقا سوغۇق مۇئامىلە قىپتۇ، ئەمما باي غوجاملار ئۆتكۈزگەن زىياپەتكە خۇشاللىق بىلەن قاتنىشىپتۇ. پۇلىتسېر مۇخبىرلارنى ئەۋەتىپ زىياپەتنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تەكشۈرتتى. يېرىم كېچە بولغاندا چارچاپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان مۇخبىرلار «دۇنيا گېزىتى» نىڭ ئىشخانا بىناسىغا بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كەلدى، پۇلىتسېر ئۇلارنى ناھايىتى روھلۇق ھالدا ئىشخانىسىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. «ناھايىتى ياخشى بولدى، داۋاملىق ئىشلەيلى، ئەتىلا مۇكاپاتلايمەن» دېدى پۇلىتسېر. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا تەھرىر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

«دۇنيا گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسىنىڭ چىرىغى كېچىچە ئۆچمىدى، ئورىگىنالىنى بېكىتىش، كوررېكتورلۇق قىلىش، بېسىش، تىزىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەرتىپلىك كېتىۋاتماقتا ئىدى. ماشىنىلارنىڭ چاقى ئۆچقاندەك ئايلانماقتا، گېزىت تاغدەك دۆۋىلەنمەكتە ئىدى.

ئەتىسى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىكىلەر تېخى زۇڭتۇڭ سايلىمىنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈۋاتقاندا، «دۇنيا گېزىتى» چوڭ ـ كىچىك كوچىلارغا چىقىپ بولدى. پۈتۈن بەتتىكى خەۋەر بلاين توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئىدى. خەۋەرنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى «بەگزادىلەر زىياپىتى» بولۇپ قوشۇمچە ماۋزۇسى «بلاين ۋە چوڭ مالىيە زومىگەرى» ئىدى. گېزىت، زىياپەتنىڭ ھەشەمەتلىكى ۋە بلايىنىڭ پوپقا تۇتقان ھۆرمەتسىزلىكىنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلىگەنىدى. ماقالە مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان نيۇيوركتىكى ئىشچىلار، كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرى غەزەپلىنىشتى، بۇ خىل غەزەپ سايلامدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

كلىۋېلاند ئازراق ئۈستۈنلۈك بىلەن بلاين ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ 22 ـ قېتىملىق زۇڭتۇڭى بولدى، بۇ، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ 24 يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاقسارايغا كىرىشى ئىدى. 24 يىل تولىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىدى.

بۇ ئىشقا پۇلىتسېر كلىۋېلاندىدىنمۇ بەك خۇشال بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇزاق يىللىق ئارزۇسى ئىشقا ئاشقانىدى.

## 8. خاتىرجەم بولۇڭ، ئىلاھە!

سايلام مۇۋەپپەقىيىتى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى، بۇ مۇۋەپپەقىيەت كىشىلەرنىڭ بۇ گېزىتكە بولغان ئىشەنچ ـ مايىللىقىنى ئاشۇردى. سايلامنىڭ ئەتىسى گېزىتنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 223 مىڭ 688 نۇسخىغا يېتىپ ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ گېزىتنىڭ تىرازى «قۇياش گېزىتى»، «مۇنبەر گېزىتى» ۋە «ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تىرازىدىن ئېشىپ كەتتى. ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان بۇ گېزىت ئەمدى نيۇيورك گېزىتچىلىك ساھەسىنىڭ خوجا ئاكىسى بولۇپ قالدى.

قىزىللىقنىڭ تىكىنى كۆپ بولىدۇ. «نيۇيورك گېزىتى» ۋە پۇتكۇل گېزىت ساھەسى، ئاخبارات ساھەسىدە يۇكسەك نام ـ شۆھرەت قازانغان «دۇنيا گېزىتى»گە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىدى. «قۇياش گېزىتى»، «پېشۋالار گېزىتى»، «مۇنبەر گېزىتى»، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر بەس ـ بەس بىلەن ماقالە ئېلان قىلىپ، پۇلىتسېرغا تىل ـ ئاھانەت ياغدۇردى ۋە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ھەتتا ئەڭ پەسكەش ـ چاكىنا ئۇسۇل ـ ۋاسىتىلەر ئارقىلىق پۇلىتسېرنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نيۇيوركتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدىكىلەرمۇ سىرىت ـ لۇئىستىن كەلگەن بۇ گېزىتچىگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى. پۇلىتسېر بىلەن «دۇنيا گېزىتى»دىكىلەرمۇ ئۇلاردىن بەك بىزار بولغانىدى. سايلام مۇۋەپپەقىيىتىمۇ پۇلىتسېرنىڭ يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىنىڭ ھەم يېپىقلىق دەرۋازىسىنى ئېچىشىغا ياردەم بېرەلمىدى. پۇلىتسېر بىلەن «دۇنيا گېزىتى» مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا كۆرەش قىلىۋاتقاندا، ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش پۇلىتسېرنى قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ ئەركىنلىك ئىلاھەنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئىدى.

1876 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىدى. فرانسىيىلىك سەنئەتكار ئاۋگۇست باتولدى فرانسىيە خەلقىنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ بۇ قۇتلۇق كۈنىگە بولغان خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن ئېگىزلىكى 150 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان، قولىدا مەشئەل

تۇتقان، كۆزلىرى مۇلايىم ئەركىنلىك ئىلاھەسىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىدى. بۇ ھەيكەل سەنئەت بۇيۇمى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى دۇنيا خەلقىنىڭ ئەركىنلىككە بولغان مەدھىيىسى ئىدى. بۇ ھەيكەلگە 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى فرانسىيىدىكى ئاددىي پۇقرالار ئىئانە قىلىپ توپلىغانىدى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ھەيكەلنىڭ ھەربىر مىس بۆلىكىنى 1884 ـ يىلى 4 ـ ئىيۇن ئامېرىكا ئەلچىسى لېۋى ئىندۇنغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەمما، ئامېرىكىدىن ھەيكەلنى قويغۇدەك جاي تېپىلمىغانلىقى ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بىر كومىتېت نيۇيوركتىكى بېدىرو ئارىلىغا ھەيكەلنىڭ ئۇلىنى سالماقچى بولدى، ئەمما ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئاران 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئاجرىتالىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، ھەر ۋاقىت توختاپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇ چاغدا نيۇيورك خەلقى ئۈچۈن ئاز ـ تولا خىزمەت قىلىش خىيالى بار بىرەر گېزىتچى تولىمۇ زۆرۈر بولۇۋاتاتتى. ئەمما، بۇ ئىشتا تۈنجى بولۇپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان كىشى جوزېف پۇلىتسېر بولدى. گەرچە ئۇ ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولمىسىمۇ، ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن خورلۇق ھېس قىلدى. ئامېرىكىدىكى باي ـ مىليونېرلاردىن پۇل چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىش ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكى، ئەركىنلىك ئىلاھەسىنىڭ ھەيكىلى قانداقتۇر فرانسىيىدىكى مىليونېرلار ئامېرىكىلىقلارغا سوۋغا قىلغان «تۇغۇلغان كۈن» تورتى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل فرانسىيە خەلقىنىڭ پۈتكۈل ئامېرىكا خەلقىگە قىلغان قىممەتلىك سوۋغىسى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى فرانسىيە خەلقىدىن ئۆگىنىشكە، ئامېرىكا خەلقىنى ئىلاھەنىڭ ھەيكىلىنى بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە قىلىشقا چاقىرىش كېرەك ئىدى. «دۇنيا گېزىتى»دىكىلەر ئەركىنلىككە بولغان چەكسىز ئېتىقاد، فرانسىيە خەلقىگە بولغان

چوڭقۇر دوستلۇق ۋە چەكسىز مىننەتدارلىقنىڭ كۈچ ـ ئىلھامى بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

پۇلىتسېر خىزمەتچىلىرىنى تەسىرلەندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىقتىدارى قەيسەر ئىرادىسى بىلەن ئاكتىپ پائالىيەتچانلىقىدىن كەلگەنىدى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بىرىنچى بېتىدە كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان ماقالە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىشكە چاقىردى ھەمدە ئىئانە توپلاش كومىتېتى قۇردى، كومىتېتقا ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن رېئاۋىسنى تولۇق ھوقۇقلۇق مەسئۇل قىلدى. پۇلىتسېر باشلامچى بولۇپ 250 ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى. بۇ پائالىيەت شۇ زامان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىئانە توپلاش قىزغىنلىقىنى بارلىققا كەلتۈردى، قىسقىغىنا تۆت ئايدا ئىئانە توپلاش كومىتېتى 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان بۇ ئىئانە پۇلى قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كەڭرى يېتەتتى.

ئەركىنلىك ئىلاھەسى ھەيكىلىنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشى 1886 ـ يىلى ئۆكتەبىردە پۈتتى. دۇنياغا مەشھۇر ئەركىنلىك ۋە تىنچلىق ئىلاھەسى ئاخىر بېدىرو ئارىلىدا قەد كۆتۈردى. ئەركىنلىك ئىلاھەسى ھەيكىلىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن نيۇيوركتا توپتوغرا ئۈچ كۈن كەڭ ـ كۆلەملىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 28 ـ ئۆكتەبىردە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئاخىرقى باسقۇچقا كىردى. پۈتۈن نيۇيورك شەھىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى، ھەممە يەر قاينام ـ تاشقىنلىق ۋە شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. ياڭراق ئالقىش سادالىرى ئىچىدە غايەت زور ھۆرمەت قاراۋۇلى شوئار توۋلاپ ھەيۋەت بىلەن شەھەر مەركىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل پارك كوچىسىدىكى «دۇنيا گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا باردى. گېزىتخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا

«ئىككى جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە دوستلۇق ياشىسۇن !» دېگەن لوزۇنكىلار ئېسىلغانىدى، كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ لوزۇنكا كىشىلەرنىڭ ئېسىگە پۇلتىسېر بىلەن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئىشلىگەن خىزمىتى ۋە قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى سالاتتى. بېدىرو ئارىلىدا رەڭلىك بايراقلار لەپىلدەيتتى، شاۋقۇن - سۈرەنلەر قۇلاقنى ياراتتى. «دۇنيا گېزىتى»دىكى نەچچە يۈز ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىككى ساياھەت كېمىسى بىلەن بۇ ئارالغا كېلىپ بولغانىدى. ئەركىنلىك ئىلاھەسىنىڭ بېشىغا يېپىلغان فرانسىيىنىڭ ئۈچ خىل رەڭلىك بايرىقى ئاستا ئېلىۋېتىلدى. ئىلاھە ئاخىر سىرلىق ۋە نۇرانە جامالىنى كۆرسەتتى. پۈتۈن مەيداندا ۋە ئارالنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا «ياشىسۇن ئىلاھە !»، «ياشىسۇن دېموكراتىيە !» دېگەن شوئارلار ئۈزۈلدۈرمەي - ئۈزۈلدۈرمەي ياڭراپ تۇردى. ئاخىردا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كلىۋېلاند تەمكىن ئەمما ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

— ئەركىنلىك ئىلاھەسىنىڭ بۇ جايىنى يۇرتۇم دەپ تاللىغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمىز...

قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن يىغىن مەيداندىكىلەر قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە يىغىن كەيپىياتىنى يەنە بىر قېتىم يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

«دۇنيا گېزىتى» ئىئانە قىلىشنى مەركەز قىلغان پوتكول پائالىيەتلەردە مۆلچەرلىگۈسىز ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھتىكى زاتلار ئۇلارغا ئوتلۇق قەلبىنى ۋە چىن دوستانىلىكىنى ئىپادىلەشتى، پۇلتىسېر ئاخىر نيۇيورك، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىگە قەدەم باستى. «دۇنيا گېزىتى» ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئوبرازى يەنە بىر قېتىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، تارقىلىش مىقدارى

ئۇچقانىدەك ئۆرلىدى. «قۇياش گېزىتى»، «پېشىۋالار گېزىتى»، «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر رىقابەت داۋامىدا پاجىئەلىك هالدا مەغلۇپ بولدى، ئىغىر بەدەل تۆلىدى. ئەمما، ئۇلار بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرەمدۇ، بەرمەمدۇ؟

# ئۈچىنچى باب يېڭىلمەس جەڭ ئىلاھى

كىشىلىك ھايات كۈرەش دېمەكتۇر.
— رومىن روللان

## 1. «قۇياش»قا ئېگىشىپ قارىغان كىشى

پۇلىتسېرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىگە ئارىلىشىشى نيۇيورك گېزىتى ساھەسىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىۋەتتى. ئىلگىرى نام - شۆھرەت قازانغان گېزىتلەرنىڭ ھازىر ئىستىقبالى خىرەلەشتى، ھەتتا ئىلگىرىكى گېزىت ساھەسى ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى دانامۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەردى. دېمەك، سېنت - لۇئىسلىق سەرگەردان پۇلىتسېر نيۇيورك گېزىتى ساھەسىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغانىدى. نيۇيورك گېزىتى ساھەسى بىرلىشىپ پۇلىتسېردىن ئىبارەت بۇ يېڭىياچە ئەرباپقا قورشاپ ھۇجۇم قىلىسىمۇ، ئەمما «دۇنيا گېزىتى» ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھۇجۇملار ئىچىدە تېخىمۇ روناق تاپتى.

دانا 10 نەچچە يىل قان - تەر ئاققۇزۇپ قۇرۇپ چىققان قورغىنىنى گۇدەك پۇلىتسېرنىڭ ئۆزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كومشا بۇرۇنغا يېڭىلگەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى، ئۇنى ھەممىدىن بەك ئازابلىغىنى، بۇ سەھرالىق تومپايىنىڭ سىياسىي جەھەتتە قازانغان شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بولدى. شۇڭا، ئۇ پۇلىتسېرغا غالجىرانە ھۇجۇم قىلدى، ھەتتا تۆھمەت چاپلاش، ھاقارەتلەشتەك ۋاستىلەرنىمۇ ئىشلەتتى. پۇلىتسېرنىڭ ئوغىسىنى ئىنتايىن

قايىناتقان ئىش شۇكى، دانا ئۇنىڭ يەھۇدىيلىقىنى ھەدەپ ئەزۋەيلەپ داۋراڭ سالدى. ئۇنى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ھاقارەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى. ئۇ ھازىر «گېزىت ساھەسىدىكى كالۋا»، «دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن يەھۇدىي»غا ئايلىنىپ قالدى. «يەھۇدىي» دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنسىلا، پۇلىتسېر كاتېر بىلەن مۇھەببەت باغلىغان دەسلەپكى چاغدىكى تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئازاب ۋە كېيىن تۇرمۇشىدا بولغان تۇرلۇك تاپا ـ تەنىلەرنى ئېسىگە ئالاتتى ـ دە، يارىسىغا تۇز سەپكەندەك ئازابلىناتتى.

پۇلىتسېر بۇنداق يولسىزلىقلا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايدۇ، ئۇ داناغا كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ «قۇياش كەچلىك گېزىتى»گە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، «قۇياش گېزىتى» نىڭ غول ئادىمى بولغان سولوموننى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن يۆتكەپ كەلدى. ئۇنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىدىكى «دۇنيا كەچلىك گېزىتى» 1887 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر رەسمىي نەشر قىلىندى. بۇ، پۇلىتسېرنىڭ سېنت ـ لۇئىسقا بارغىنىغا 20 يىل بولغان خاتىرە كۈن ئىدى. ئۇ 10 دىن ئىبارەت قۇتلۇق سانىنىڭ ئۆزگە ئامەت ئەكېلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئەمەلىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى: «دۇنيا كەچلىك گېزىتى»نىڭ تىرازى ئۇزاق ئۆتمەيلا «قۇياش كەچلىك گېزىتى»نىڭ تىرازىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئارقىدىنلا پۇلىتسېر نيۇيورك بويىچە ئەڭ ئېگىز بىنا سېلىشقا تەييارلاندى. بۇ ئارقىلىق ئۇ پۈتۈن نيۇيوركتىكى كەسىپداشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ باي گېزىتچى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى، دانانى ئېگىز بىناسىغا بويىنىنى سوزۇپ قاراتقۇزماقچى بولدى. پۇلىتسېر بىر يىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق پارك كوچىسىدىكى ئەڭ چوڭ يەرنى سېتىۋالدى، ئەمما بۇ يەرنى يەنە كىچىك كۆرۈپ، يەنە نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىپ پارك كوچىسىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى فرانسىيە مېھمانخانىسىنىڭ

كونا بىناسىنىمۇ سېتىۋېلىپ، ئىككى جايىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇردى، بۇ بىر پارچە يەر دانانىڭ «قۇياش گېزىتى» بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. فرانسىيە مېھمانخانىسى پۇلىتسېردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىككى تەمبەل ئىشىكباقارنىڭ ئۆزىنى تۇتقان پېتى كوچىغا سۆرەپ ئاچىقىپ تاشلىۋەتكەنلىكى ھېلىھەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئۇ بۇ يەرلەرنى بۇزۇپ - چېقىپ، تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، ھاقارەتلىك تارىخنى قەلبىدىن يۇيۇۋەتمەكچى، ھەيۋەتلىك، يېڭى پۇلىتسېر بىناسى سېلىپ نيۇيوركتىكى دۈشمەنلىرىنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتمەكچى بولدى.

دانا بىلەن پۇلىتسېرنىڭ كۈرىشى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىنىش باسقۇچىغا يەتتى. دانا كۆپ قېتىم گېزىت يۈزىدە «يۇرتۇڭغا كەت پۇلىتسېر !» دەپ سۈرەن سالدى. لېكىن، پۇلىتسېر نيۇيوركتىن كۆچۈپ كەتمەكتە يوق، تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. ۋەزىيەت داناغا بارغانسېرى پايدىسىز بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ پۇلىتسېر سېتىۋالغان يەرنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا گەپ ساتتى:

— ناۋادا بۇ يەرگە بىر ھۆكۈمەت بىناسى چۈشكەن بولسا، پارك كوچىسىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلاتتى. تەرتىپلىك بىنادا تەرتىپلىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقىدۇ، نيۇيورك يېڭى قانۇن - تۈزۈم يولىغا قەدەم باسىدۇ. بۇ نيۇيوركنىڭ بىر قېتىملىق ئىنقىلابى...

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى شەھەر باشلىقى ئاخىر ئۇنىڭ ۋالاقلاشلىرىنىڭ بېلىگە تېپىپ، — ئەمما بىنانى قايسى پۇلغا سالىمىز؟ «قۇياش گېزىتى» پۇل چىقىرالامسىلەر؟ — دېدى شەھەر باشلىقى يەنە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

دانانىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، شەھەر باشلىقى ئىشخانىسىدىن دەككىسىنى يەپ چىقىپ كەتتى. شەھەر باشلىقىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىشى كۆز ئالدىدىن ئۇزۇلاقچە كەتمىدى،

دېمى سىقىلىپ ھەتتا دەم ئالالماي قالدى. پۇلىتسېر بىناسى سېلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ ئولتۇرالمايلا قالدى.

يەنە بىر «10 ــ ئۆكتەبىردە» پارك كوچىسىدىكى ئىش مەيداندا ئادەم مىغ ــ مىغ قايناپ كەتتى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى بالدۇرلا بۇ يەرگە كېلىپ ساقلاپ تۇراتتى. ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن گۇپۇلدەپ سوقاتتى. شتات باشلىقى قىسقىغىنا نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن پۇلىتسېرنىڭ ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئوغلى دېڭىز ئارمىيە فورمىسى كىيىپ مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كىشىلەر كۆز تىكىپ تۇرغان تاشنىڭ ئالدىغا كەلدى، تاش ئۈستىگە گېزىت، ھۆججەت ۋە 1889 ــ يىلى دېگەن رەقەم چۈشۈرۈلگەن تەڭگە پۇل، شۇنداقلا پۇلىتسېر ئەر ــ خوتۇن ۋە بەش بالىسى بىللە چۈشكەن سۈرەت قويۇلغانىدى. ئۇ بۇدرۇق بالا قولىدىكى كۈمۈش كورەكنى تاشقا ئۈچ قېتىم ئۇردى، بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ «ياخشى بولدى» دېگەن ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇزاققىچە كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىدى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كاتتا بىنانىڭ ئىگىسىنىڭ مەيدانىدا يوقلۇقىنى شۇ چاغدا بايقىدى.

پۇلىتسېر بىناسى 1890 ــ يىلى 10 ــ دېكابىردا رەسمىي پۈتتى. «دۇنيا گېزىتى» ئىدارىسى بىناسىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، جەمئىيەتتىكى مەشھۇر زاتلار ۋە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مۇخبىرلار قاتناشتى. نيۇيورك بويىچە ئەڭ ئېگىز بىنا كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. 309 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى 20 قەۋەت بۇ بىنا نيۇيوركنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئىشقىلىپ نيۇيوركقا كەلگەن ئادەمنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆزىگە تاشلىنىدىغىنى پۇلىتسېر بىناسى ئىدى. ناۋادا بىنانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ پۈتۈن شەھەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولسا

«قۇياش گېزىتى»نىڭ پاكار بىناسى كۆزگە سەرەڭگە قېپىدەكلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. پۇلىتسېرنىڭ ئىشخانىسى بىنانىڭ ئەڭ ئېگىز قەۋىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ يېرىم يايى شەكىللىك ئىشخانىسى ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىدى. گۈللۈك پولغا سېلىنغان ياۋروپا گىلىمى، تامغا چاپلانغان نەقىشلىك پەنەركە، پەنەركە ئۈستىگە چاپلانغان نەقىشلىك خروم ئۆينى تولىمۇ ئاچقانىدى، تورۇس ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك رەسىملىرى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارا رەڭلىك يوغان بىر ئىش ئۈستىلى قويۇلغان بولۇپ، ئۇستەلدە ئەڭ ئىلغار تېلېفون ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان كۇنۇپكا بار ئىدى. ئەپسۇسكى، پۇلىتسېر ئۆمرىدە بۇ ئىشخانىغا ئۈچ قېتىملا كىردى. ئەمما، ئۇ بۇ بىناغا، ئىشخانىسىغا كىرگەندە چاپا - مۇشەققەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىنكى شاد - خۇراملىق ھېسسىياتقا چۆمەتتى.

## 2. زۇلمەتتىكى قۇلۇلە

كىشىلەر «دۇنيا گېزىتى» بىناسىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقاندا: پۇلىتسېر ئەر - خوتۇن ۋە ياردەمچىلىرى سەپەر ئۈستىدە ئىدى. ئۇلار مۇراسىمدىن بىر كۈن ئىلگىرى يولغا چىققانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاجىز نېرۋىسى مۇراسىمدىكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئۇ كۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ئارام ئېلىشقا، ۋاقىتقا، كېسىلىنى داۋالىتىشقا موھتاج ئىدى.

مۇھەررىر ۋە مۇخبىرلار پۇلىتسېر نيۇيوركتىلا بولىدىكەن، ئىشتا بىپەرۋالىق قىلىشقا قىلچە پېتىنالمايتتى. ئۇلار كۈندە ئەتىگەندە ئىشخانىلىرىغا كېلىشەتتى - دە، خوجايىنىنىڭ ئۇسۇپ كىرىپ ئۆزلىرىگە كايىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن

ئىشكىلىرىنى مەھكەم يېپىۋېلىشاتتى. ئىشخانا بىناسىنىڭ دەرۋازىسى ئاچچىقتىن چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن پۇلىتسېرنى توسۇۋالالىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بوغۇقراق ئاۋازىنى توسۇپ قالالمايتتى. ئۇ گېزىتتە ئازراق مەسىلە بارلىقىنى كۆرۈپلا قالسا سەت ۋە زەھەرلىك گەپلەرنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. ھەربىر مۇھەررىر ۋە مۇخبىر ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ شىددەتلىك تەنبىھىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئادەم تىللاشقا كەلگەندە، ئۇ ئەڭ رەسۋا گەپلەرنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋېتەتتى، خىزمەتچىلەرنى كارىدورلاردىلا تىللاپ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىۋېتەتتى.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، قامەتلىك مۇخبىر خوۋارد «دۇنيا گېزىتى» بىناسىدىكى ئىشخانىسىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، ئۇ بىردەمدىن كېيىن مونتېللىيېرنىڭ شادلىق بايرىمىنى زىيارەت قىلغىلى بارىدىغان بولغاچقا، زىيارەتكە مېڭىشتىن ئىلگىرى تولۇق تەييارلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاز ئۇچرايدىغان پۇرسەت ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مەشئەل كۆتۈرگەن بايرام ئەھلى، ئادەمنى مەست قىلغۇدەك ناخشا ساداسى... نامايان بولماقتا ئىدى.

ئىشخانىغا توساتتىن پۇلىتسېر ئۇسۇپ كىردى.

ــ خوۋارد، شۇ تاپتا سىز قىلىدىغان مۇھىم بىر خىزمەت چىقىپ قالدى. مونتېللىيېرغا باشقىلار بارسۇن، ــ دېدى ئۇ.

بۇ گەپ خوۋاردقا ناھايىتى تاسادىپىي تۇيۇلدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتسە قانداق بولىدۇ. خوۋاردنىڭ كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى.

ــ ياق، ئەپەندى، ئۇ ئىشنى باشقىلار قىلسۇن، مەن باراي.

ــ بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش، سىز بارمىسىڭىز بولمايدۇ، ــ دېدى پۇلىتسېر ئېنىق ۋە كەسكىن ئاھاڭدا.

— ياق، مەن چوقۇم مونتېللىيېرغا بارىمەن، — دېدى خوۋارد ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەستىن ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— ئوخلاپ چۈشۈڭ، — دېدى پۇلتىسېر بارماقلىرىنى خوۋاردنىڭ بۇرنىغا شىلتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ غەزىپى تاشقاندى، — سەن سولتەك شۇ يەرگە بېرىش خىيالىدا يۈرەمسەن؟

— سەن، سەن بارماقلىرىڭنى بۇرنۇمغا شىلتىمە، — خوۋاردمۇ پەيلىدىن يانمىدى.

سەپرايى ئۆرلىگەن پۇلتىسېر خوۋاردقا ئېتىلدى - دە، كەلتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى. خوۋاردمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماستىن قول سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ تۇتۇشۇپلا كەتتى. گېزىتخانىدىكىلەر كېلىپ ئاجراتقاندا ئىككىيلەن يەردە چۇمۇلىدەك ئۆمىلەپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزەينەكلىرى بولمىغاچقا، ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، شۇڭا جېدەلمۇ بېسىلىپ قالغاندى.

پۇلتىسېرنىڭ سەپرا مىجەزى سالامەتلىكىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى، ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئېغىرلىشىپ كەتتى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بىناسى تېخى پۈتمەستىنلا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تولۇق كۆرۈش پەردىسى چۈشۈپ كەتتى، بۇنى ئاز دېگەندەك ئۇنى يەنە دېمى سىقىلىش، ئاشقازان كېسىلى، ئۇيقۇسىزلىق، غەمكىنلىك ۋە ئېغىر نېرۋا ئاجىزلىققا ئوخشاش كېسەللەر ئازابلايتتى.

ھوش كاللىسى جايىدا، قىزغىن خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ بىردىنلا تۈرلۈك كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇپ رىيازەت چېكىشى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قىران بۈركۈتنىڭ قانىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئوخشايتتى. كەسكىن رىقابەتلەردە سانسىز رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلگەن پۇلتىسېر مانا ئەمدى تەقدىرنىڭ ئازابلىرىغا ئەلھۆكمىللىلا دەپ قاراپ تۇرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. دوختۇرنىڭ كۆپ قېتىم تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئەمدىلا 40

ياشىنىڭ قارىسىنى ئالغان پۇلىتسېر «دۇنيا گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى ۋە مەزكۇر گېزىتتە ئىستېپانامىسىنى ئېلان قىلدى.

پۇلىتسېرنىڭ ئىستېپانامىسىدىن خەۋەردار بولغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئەمدى تۈگەشتى، بۇ مەجرۇھ ئەمدى كېيىنكى ئۆمرىنى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ دەپ قاراشتى.

گېزىت ساھەسىدىكى يېڭىلمەس ئەزىمەت راستىنلا ۋەيران بولۇپ كېتەرمۇ؟

## 3. غېرىب پۇلىتسېر

ئايدىڭ كېچە، پۇلىتسېر كارىۋاتتا كىرپىك قاقماستىن خىيال سۈرۈپ ياتماقتا، ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل غېرىبلىق ــ تەنھالىق ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. ئايالى ئۇنىڭ قوپاللىقىغا چىدىماستىن، باللىرىنى ئېلىپ ياۋروپاغا كەتتى. مۇھەررىر ۋە مۇخبىرلار كۈن بويى ئىشخانىلىرىغا كىرىۋېلىشىپ ئۇنى كۆرۈشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇزاق تۈندە ئۇنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز غەم ــ قايغۇ چىرمىۋالغانىدى.

پۇلىتسېر ياۋروپادىن تۈكلىرى يۇمشاق، تۇمشۇقى ئۇزۇن، قۇلاقلىرى يوغان پارس كۈچۈكى ئەكەلدۈردى. قىممەت باھالىق بۇ ئىت بىردەمدىلا يېڭى ئىگىسىگە ئۆگىنىپ قالدى، ئۇ ھەمىشە ئىگىسىنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەي، ھەر خىل قىلىقلارنى چىقىرىپ ئەركىلەيتتى. پۇلىتسېر كۈچۈكنىڭ تۇرقىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا خۇشاللىق بېغىشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى، غېرىبلىق ۋە ئىچ پۇشۇقىدىن ۋاقىتىنچە بولسىمۇ قۇتۇلغاندەك، خىزمەتچىلىرىگە بولغان

مۇئامىلىسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولغاندەك تۇيغۇدا بولدى.

ئەمما، بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى، ئىت بەربىر ئىت ـ دە، ئۇ ھەرقانچە ئوماق، ئەقىللىق بولسىمۇ، ئادەم بىلەن پىكىر ـ ھېسسىيات ئالماشتۇرالمايدۇ. شۇڭا، پۇلىتسېر ئىتتىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈپ، ئاۋۋالقىدەك غېرىبلىق ۋە مىسكىنلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ توختىماستىن كاتىپلىرىنى چاقىرتتى، كاتىپلىرى بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇش يولى بىلەن زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلماقچى بولدى. بۇ پۇلىتسېرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر خۇشاللىقى ئىدى. ئۇ كاتىپلىرىنى بىرەر مەسىلىگە بولغان كۆزقارىشىنى ياكى بىرەر كىتاب توغرىسىدىكى تەسىراتىنى سۆزلىتەتتى، ئۇلارنى قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرىشكە دەۋەت قىلاتتى. ھەربىر كاتىپ ئۇنىڭ بۇ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى جىددىي تەرزدە قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزى كۆرمىسىمۇ قۇلىقى ناھايىتى سەزگۈر ئىدى، كاتىپلىرىنىڭ پاراڭلىرىدىكى خاتالىقلارنى ھە دېگەندىلا بايقىۋالاتتى ـ دە، ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرەتتى ۋە ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. مۇخبىرلار ئۇنىڭ مېغىزلىق مۇلاھىزىلىرىگە، چوڭقۇر تەھلىللىرىگە ھەسەت قىلىشاتتى. ئۇ كۆپچىلىككە ئەينى چاغلىرىدىكى ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ غەلىبە شادلىقىغا چۆمەتتى.

پۇلىتسېر نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىلەرگە ھەمىشە گۇمانىي ۋە ھەسەت نەزىرى بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ جىمىكى خەۋەرنى بىلگۈسى كېلەتتى، ئەمما بۇ خەۋەرلەر يەنە ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. ئۇنىڭغا ئايالى كاتىپ(ى)دىن خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە بەزى كونا ـ يېڭى دوستلىرىنى تاماقتا چىللىغانلىقىنى، ھەممەيلەننىڭ ئاز ـ تولىدىن پۇل خەجلىگەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تاماقنى زوق ـ شوق

بىلەن يېپىشكەنلىكلىرىنى، تاماقتىن كېيىن ئاتاقلىق ئارتىسلار قويغان دراممىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ پۇلىتسېرنى يوقلاپ بارماقچى بولۇۋاتقانلىقى ۋە پۇلىتسېرنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلۇشىنى ئۈتۈنگەنىدى. ئايالىنىڭ مېھمان چاقىرغانلىقىغا ئۇنىڭ خاپا بولغانلىقى ئېنىق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئايالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ كىشىلەرگە بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭ قىلىپ يۈردى ۋە ئائىلەمدىكىلەر مېنى تاشلىۋەتتى دەپ ئاغرىندى. ئۇ گېزىتتە ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا كونا دوستلىرىغا شەپقەتسىز ھۇجۇم قىلاتتى. شۇرتىس بۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

كېيەل پۇلىتسېرنىڭ بەزىدە ئۆزىچىلا ياسىغىلى ئۇزاق يىل بولغان پۇلىتسېر بىناسىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالاتتى. بىر قېتىم شۇنداق بولدى. بۇ ئۇنىڭ بىناغا ئۈچىنچى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم كىرىشى ئىدى. بۇ بىنا ئۇنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا ئىپتىخارلىنارلىق، مەڭگۈلۈك ئېلانى ئىدى. پۇلىتسېرنىڭ بىناغا كېلىشى زىلزىلە قوزغىدى. خىزمەتچى خادىملار ئىشخانىلىرىدىن چىقىپ ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىنى كۆرۈشكە ئىنتىلدى. ئۇچىسىغا پۇزۇر كاستيۇم ـ بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىۋالغان، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان پۇلىتسېر كاتىپلىرىنىڭ باشلاپ مېڭىشى بىلەن بىناغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇدۇل مەسئۇل مۇھەررىر ۋانخامنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى، ئەمما ۋانخام تاڭ ئاتقۇچە ئىشلىگەچكە، ئۇ كېلىشتىن سەل بۇرۇن كېتىپ قالغانىدى، پۇلىتسېرنىڭ ئازراق كەيپى ئۇچتى، ئۇ كاتىپلىرىنىڭ يېتىلەپ ـ يۆلەشتۈرۈشى بىلەن كېچىلىك نۆۋەتچى باش مۇھەررىر لېماننىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

لېمان پۇلىتسېرنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. پۇلىتسېر ئۇنىڭدىن:

ــ قەدىرلىك لېمان ئەپەندى، ئىشخانىڭىز بىلەن خەۋەر

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەيتاۋۇر 50 ئىنگلىز چىسى كېلەر، — دېدى لېمان كەمتەرلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— ئىشخانىڭىزنى دەرھال كوچا گۇللۇكىگە يۆتكەپ كېلىڭ! كېچىلىك نۆۋەتچى باش مۇھەررىرنىڭ ئىشخانىسى تەھرىر ئىشخانىسىغا يېقىن بولۇشى كېرەك. دەرھال يۆتكىلىڭ، — دېدى پۇلىتسېر زەردە بىلەن، ئۇ توۋلاپ سۆزلىگەچكە كۆزەينىكى چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

پۇلىتسېر يەنە تېلېگراف خەۋەرلىرى باش مۇھەررىرى كاترىت ئەپەندىنى چاقىرتىپ كەلدى، كاترىت ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشنى تېخى ئەمدىلا تۈگەتكەنىدى، ئۇ قاق سەھەردىلا تېخى كۆرۈشۈپ باقمىغان خوجايىنى بىلەن كۆرۈشتى. پۇلىتسېر كاترىتنى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپسىز دەپ تازا ماختىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىيلىدى - دە، ۋارقىراپ تاشلىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي بېشىڭىز ئەجەب چوڭكەنغۇ؟

ياندىكىلەر كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋېلىشتى، ئەمما بىر كاتىپ قىز ئۆزىنى باسالماستىن كۈلۈپ سالدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باشقىلارمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

پۇلىتسېرمۇ كۈلۈپ تاشلىدى، ئۇ خىجىللىقتا قالغان كاترىتنى يېنىككىنە ئۇرۇپ قويۇپ:

— كالىڭىزدا دۇشەنبىنىڭ گېزىتكە باسىدىغان قانداق تەسىرلىك خەۋەرلەر بار؟ — دېدى.

— پۇلىتسېر ئەپەندى، كەچۈرۈڭ، ئەتىگەندە كېچىكىپ قېلىپ تېخى ئىشىمنى باشلىمىدىم... — دېدى كاترىت دۇدۇقلاپ.

پۇلىتسېرنىڭ بايامقى كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا

بۇلۇتتەك تۇتۇلدى:

ـــ كاترېت ئەپەندى، مېنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردىڭىز، دۈشەنبە كۈنى كېلىدىغان تېلېگراف خەۋەرلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ، خەۋەرمۇ جىق بولمايدۇ، كاللىڭىزنى ئىشقا سېلىپ بارلىق ئاماللار بىلەن دۈشەنبىنىڭ گېزىتىنى ياخشى چىقىرىش كېرەك. ھەي سىلەر بەك بوش ئىكەنسىلەر جۇمۇ. ئەينى يىللاردا مەن «پوچتا تېلېگراف گېزىتى»دىكى چېغىمدا سائەت 10دىن ئىلگىرى ھەممە گېزىتنى كۆرۈپ بولاتتىم، ـــ دېدى.

بۇ چاغدا پۇلىتسېرنىڭ ئالدىغا بىر مۇھەررىر كېلىپ ئەتىكى پىلاننى قىسقىچە ۋە مەزمۇنلۇق دوكلات قىلدى. دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇلىتسېرنىڭ چىرايىغا مەمنۇنىيەت كۈلكىسى يۈگۈردى. ئۇ كاترېتنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇزىكا كېچىلىكىنىڭ بېلىتىدىن بىرنەچچىنى بېرىپ كۆڭلىنى ياساپ قويدى.

## 4. دوستانە ئۆتەلمەيدىغان ھەمراھلار

پۇلىتسېر قاراڭغۇلۇق ۋە كېسەل ئازابى تارتىۋاتقاندا، كالىفورنىيىلىك بىر ياش ئۇنىڭ كەسپىي ساھەسىگە تۇساتتىن قىستىلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرسىمۇ، پۇلىتسېر ئۇنىڭ گېزىتچىلىك تارىخىدا يولۇقتۇرغان ئەڭ خەتەرلىك رىقابەتچىسى ئىكەنلىكىنى سەزدى. بۇ ياشنىڭ ئىسمى خېستېر بولۇپ، 1863 ـ يىلى 29 ـ ئاپرېل كالىفورنىيىنىڭ سان ـ فرانسىسكو شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى گېئورگې خېستېر مۆۋەپپەقىيەت قازانغان كاپىتالىست بولۇپ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ خېستېر جەمەتى ئۈچۈن نۇرغۇن بايلىق توپلىغان، ئوغلىغا «سان ـ فرانسىسكو كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى»نى ئېلىپ بەرگەنىدى. ئۇ

ئاخباراتچىلىققا بولغان زوق ـ ئىشتىياقى ۋە ئاتىسى بەرگەن يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن شۇ چاغدىكى گېزىتچىلىك ساھەسىنى چوڭقۇر تەكشۈردى ۋە ئىنچىكە تەھلىل قىلدى. «بوستون يەر شارى گېزىتى»نىڭ كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان خەۋەرلىرى بىلەن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاش ئۇسۇلى ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ئىلھام بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوغۇل بالىلارغا خاس تەبەسسۇم بىلەن سان ـ فرانسىسكوغا كېلىپ دادىسىغا:

— دادا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمدىكى سىرنى تاپتىم، — دېدى.

— قانداق سىركەن ئۇ؟

— گېزىت چىقىرىش. گېزىت چىقارغاندىمۇ سىز كان ئېچىپ پۇل تاپقىنىڭىزغا ئوخشاش كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ، مەن «سان ـ فرانسىسكو كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى»نى غەربتىكى «دۇنيا گېزىتى» قىلىپ قۇرۇپ، پۇلتىسېرنى ماڭا يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرگۈزىمەن، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا.

دادىسى بىرنېمىدەپ ئېپادە بىلدۈرمەستىن، ئۇنى رەھىمسىز رىقابەتلىك ئۆزىنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقسۇن دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ پوچى ئوغلىنىڭ گېزىتچىلىك جەھەتتە ھەقىقەتەن بىر يورۇش ئامال ـ چارىلىرىنىڭ بارلىقىنى سەزدى. گېئورگى خېستېر 1887 ـ يىلى پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە «سان ـ فرانسىسكو كۆزەتچىلەر گېزىتى»نى خاتىرجەم ھالدا ئوغلىغا تاپشۇرۇپ ۋاشىنگتونغا كەتتى.

1891 ـ يىلى گېئورگى خېستېر ئالەمدىن ئۆتتى. خېستېر بىلەن ئانىسىغا نۇرغۇن مىراس قالدى. شۇ چاغدىكى «سان ـ فرانسىسكو كۆزەتكۈچىلەر گېزىتى» خېستېرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنىدى. ئالدىنقى تۆت يىلدا يىللىق ئېرىشكەن پايدىسى 350 مىڭدىن

500 مىڭ دوللارغىچە بولدى. ئەمما، نەپسانىيەتچى خېستېر بۇنىڭغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلمىدى. ئۇ نىشانىنى شەرققە يۆتكەپ، گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى بۈيۈك شەخس پۇلىتسېر بىلەن تازا بىر كۈچ سىنىشىپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ 1895 ـ يىلى ئانىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 7 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ نيۇيوركقا باردى.

خېستېر شۇ يىلى سېنتەبىردە 180 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا ماك لېئان ئىگىدارچىلىقىدىكى «نيۇيورك گېزىتى»نى سېتىۋالدى. شۇ چاغدا بۇ گېزىت ياخشى چىقمايۋاتاتتى، ھەددىدىن ئارتۇق سىياسىي مەزمۇنلار تەكىتلەنگەن بۇ گېزىتنىڭ قىزىقچىلىقى قالمىغان. يەنە كېلىپ باھاسىمۇ يۇقىرىراق ئىدى. بۇ «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتقان چاغلار بولۇپ، گېزىتچىلىك ساھەسىدە رىقابەت ناھايىتى كەسكىن ئىدى، شۇنداق بولغاچقا «نيۇيورك گېزىتى» ئوقۇرمەنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، خېستېرنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۇ گېزىتنى ئېلىشى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. خېرىدارى يوق بۇنداق گېزىتنى ماڭدامدا بىر گېزىتخانا ئۇچرايدىغان نيۇيوركتا جانلاندۇرىمەن دېيىش قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر ھەيرانلىقتىن قوشۇمىسىنى تۈرۈشتى. غەربلىك بۇ پوچى قىنى قانچىلىك ئىش تەۋرىتەلەركىن؟ كىشىلەر ئۇنىڭ زادى نېمە قىلىدىغانلىقىغا كۆز تىكىشتى.

پوچى دېگەن پوچىلىقىنى قىلماي قالمايدۇ. خېستېر ئېغىر زىيان تارتىۋاتقان «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ ئەسلىدىكى باھاسىنى ئىككى تىيىندىن بىر تىيىنگە چۈشۈردى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى كىشىلەرگە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان «نيۇيورك گېزىتى»نى ھالاكەت دېڭىزىغا ئىتتىرگەندەك تۇيۇلدى، ئۇلار سارالڭ ئادەملا مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىش قىلىدۇ، سارالڭ ئادەملا يانچۇقىدىكى پۇلىنى كىشىلەرگە چېچىپ بېرىدۇ، دەپ ئۇنى

ئەيىبلەشتى. ئەمما، خېستېر ئاشۇنداق قىلدى، يەنە كېلىپ تەۋەككۇلچىلىك تۇسىنى ئالغان بۇ خىل پائالىيەتنى ھەرقانداق توسالغۇلارغا پىسەنت قىلماستىن داۋاملاشتۇردى.

كىشىلەر كالىفورنىيىلىك بۇ يىگىتنى زاڭلىق ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقاندا، پۇلتىسېر ئىشخانىسىدا تەمكىن ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى باش باھاردا ياغقان تۇنجى يامغۇردىن كېيىنكىگە ئوخشاش سەگەك ھەم باش قىشتا ياغقان تۇنجى قاردىن كېيىنكىدەك تەمكىن ئىدى. ئۇ بىر مەسىلىنى جىددىي ئويلاۋاتاتتى، بۇ مەسىلىدىكى مۇھىم شەخس خېستېر ئىدى. ئۇ «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ «پوچتا خەۋىرى گېزىتى» ۋە «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئىزىدىن مېڭىۋاتقانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ قەدىمىنىڭ ئۇلارنىڭكىدىن چوڭلۇقى، سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، زېھنىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. گېزىتنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش ۋاقىتلىق چارە، ئەينى يىللاردا «دۇنيا گېزىتى»مۇ نيۇيورك بويىچە ئەڭ ئەرزان گېزىت ئەمەسمىدى؟ بۇ جەھەتتە خېستېرمۇ پۇلتىسېرنىڭ ئۆزى ئىدى، ئۇ گېزىت چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە مول تەجرىبىلىك پۇلتىسېردىن قېلىشمايتتى، خېستېرنىڭ گېزىتىمۇ ئوخشاشلا پاش قىلىشقا، كۆڭۈل ئېچىشقا، قوزغىتىشقا دىققەت قىلاتتى، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاش جەھەتتە بولسا ئۇ ۋايىغە يەتكۈزۈۋەتكەنىدى. خېستېر پۇلتىسېرنىڭ سېپى ئۆزىدىن ئىزباسارى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۇلتىسېردىن ئۆگىنىۋالغان نەرسىسى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن جىق ۋە چوڭقۇر ئىدى.

«ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، گېزىت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قاتتىق باشقۇرغاندىلا پۇت تىرەپ تۇرالايمىز، سۈپەتنى ئۆستۈرگەندىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز» دەيتتى پۇلتىسېر ئۆز – ئۆزىگە. ئۇ بىرنەچچە خادىم بىلەنلا يىغىن ئېچىپ، گېزىت سۈپىتى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرەتتى ۋە ئارقىدىنلا خادىملارنىڭ ئىش

ھەققىنى زور مىقداردا ئۆستۈرەتتى. ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆز قوشۇنىنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، يەنە گېزىت ساھەسىدە مانا مەن دەپ يۈرگەن كىشىلەرنى «تەكلىپ» قىلىپ ئەكەلدى. دەل مانا مۇشۇنداق ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان كوللېكتىپنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى بولغاچقىلا «دۇنيا گېزىتى» ساقلاپ قېلىندى، گېزىتچىلىك ساھەسىدە بىخەتەر ئالغا ئىلگىرىلىيەلىدى ۋە ئاخىرقى نۇقتىغا تىنچ - ئامان يېتىپ بارالىدى. پۇلىتسېر گېزىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تىركىشىشى ۋە كۈرىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى، شۇڭا كۆپ يىللاردىن بۇيان «دۇنيا گېزىتى»دىكىلەرنىڭ ئىش ھەققى نيۇيوركتىكى باشقا گېزىتلەرنىڭكىدىن ئىزچىل تۆردە يۇقىرى بولۇپ كەلدى، پۇلىتسېر ئادەتتە ناھايىتى پىخسىق بولسىمۇ، مائاش تارقىتىشتا كەلگەندە مەرد ئىدى.

پۇلىتسېر يېڭى پىلاننى مەخپىي تەتقىق قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقاندا، خېستېر «دۇنيا گېزىتى»گە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى.

پۇلىتسېر خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى ئېلان قىلغاننىڭ ئەتىسى ھەجۋىي رەسىملەرنى سىزغۇچى بوۋلېس، تىياتىر ئوبزورچىسى ئالليندال ۋە يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن خېستېرنىڭ قوينىغا ئاتتى، يېڭى خوجايىن ئۇلارغا «دۇنيا گېزىتى» ئۆستۈرگەندىن كېيىنكى مائاشىنىمۇ 50 پىرسەنت كۆپ مائاش بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ خېستېر «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بىناسىغا تاشلىغان تۇنجى مىكرو بومبا ئىدى. پۇلىتسېر قويۇق ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە ئۆزىنى ئوڭشاشقا، بورىس قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا تېخى ئادەم سەپلەشكە ئۈلگۈرەلمەيۋاتقاندا، خېستېر ئۇنىڭغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

1896 ـ يىلى يانۋاردا خېستېر «دۇنيا گېزىتى»نىڭ يەكشەنبىلىك سانىنى چىقىرىدىغان خىزمەتچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشكە مەخپىي ئادەم ئەۋەتتى. پۇل بىلەن پۇلنىڭ كۈرشى مەخپىي ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ يەكشەنبىلىك سانىنىڭ باش مۇھەررىرى گوددارد باشچىلىقىدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملار ئاخىر يۇقىرى مائاشنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي خېستېرغا ئەل بولدى. گوددادرنىڭ كېتىشى پۇلىتسېرغا ئېغىر زەربە بولدى. ئېنىقكى، گوددارد پۇلىتسېرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك مۇھەررىرى ئىدى. ئۇ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى گوددادرنى ئوڭ قانىتىم دەپ بىلىپ كەلگەنىدى. گوددادرنىڭ پۇلىتسېرنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى بەلكىم كوككېرىللا ئالالايتتى.

«ئۆلۈمنى كۆتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، ‹دۇنيا گېزىتى›نىڭ مۇستەھكەم مۇسكۇللىرىغا يەنە زەخىم يەتكۈزۈشكە يول قويماسلىق كېرەك.» پۇلىتسېر يېڭىلگىنىگە ئاسانلا تەن بېرىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى چولاق قىلىپ قويۇشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى مائاش بىلەن گوددارد قاتارلىقلارنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

تەكەببۇر خېستېر بەئەينى تەرسا شىرنىڭ ئۆزى ئىدى، بۇ قېتىم ئۇ پۇلىتسېرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. پۇلىتسېر قەدىرلىگەن گوددارد ئۇنىڭغا يۈزسىزلىك قىلىپ كەتتى، گېزىتنىڭ يەكشەنبىلىك سانىنى ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملارمۇ قايتا كەلمەيدىغانغىلا كەتتى. رەسسام كوۋرت كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر كىشى ئىدى. ئۇماق «سېرىق بالا» مۇ ئەمدى ئىگىسى بىللە بىلەن خېستېرنىڭ قېشىغا كېتىدۇ.

ئەگەر خېستېرنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى تومۇر تۇتۇپ بېقىش دېسەك، بۇ قېتىمقىسى ئەجەللىك ھۇجۇم ئىدى. «دۇنيا گېزىتى» ئالدىنقى ھۇجۇملاردا يېنىك يارىلانغان

بولسا، شۇبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇ قېتىم قىلغىنى «دۇنيا گېزىتى»نى ۋەيران قىلىدىغان ھۇجۇم ئىدى.

پۇلىتسېر دەرغەزەپكە كەلدى، خېستېرنىڭ بۇنداق يولسىزلىقىغا ئۇنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «سېرىق بالا»نى قوغدايدىغان شىددەتلىك جەڭنى باشلىۋەتتى.

«سېرىق بالا» ئەسلىي «دۇنيا گېزىتى» يەكشەنبىلىك سانىنىڭ ھەجۋىي رەسىم ئىستونى بولۇپ، بۇ ئىستوندا ئىجتىمائىي خەۋەرلەر كۆپ بېسىلاتتى. ئىستوندىكى مۇھىم شەخس سېرىق ئۆسمۈر ئىدى. «سېرىق بالا» ناملىق ھەجۋىي رەسىم رەسسام كوۋرتنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ئىدى. بۇ ئۇلاپ بېرىلىدىغان ھەجۋىي رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن يېنىك، جانلىق يۇمۇرلۇق كۆرۈنۈشلەر ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. شۇڭلاشقا ھېچقايسى تۇرغان سېرىق بالا ئېرىشكەن يۈكسەك نام ـ ئابروي شۇ چاغدىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ نام ـ ئابرۇيىدىن قېلىشمايتتى. «دۇنيا گېزىتى» مۇشۇ «سېرىق بالا» ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە «سېرىق بالا» كېتىپ قالىدۇ، «سېرىق بالا»غا ھېرىسمەن ئوقۇرمەنلەر قانداق قىلار؟ ئۇلارنىڭمۇ «نيۇيورك گېزىتى»گە كېتىپ قالىدىغانلىقى تۇرغان گەپقۇ؟

«سېرىق بالا»نى قەتئىي تۇتۇپ قېلىش كېرەك.

بۇلارغا تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتقان پۇلىتسېر ئاخىر يول تاپتى. ئۇ تېزدىن داڭلىق رەسسام لاكىكرسنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ «سېرىق بالا» ناملىق ھەجۋىي رەسىملەر ئىستونىنى داۋاملىق چىقاردى. ئۇ خېستېر بىلەن ھايات ـ مامات جېڭى قىلماقچى بولدى. ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىككىلا گېزىت گېزىتكە خەۋەر بېسىش بىلەن بىللە «سېرىق بالا» نامى ئارقىلىق ئېلان چىقىرىشتى. خېستېر يەنە سان ـ فرانسىسكودىن نيۇيوركقىچە بولغان ئارىلىقتا

«سىرىق ھەمراھ» نامى بىلەن بىر مەيدان كۆچ ئۇلاپ ۋېلىسىپىت مىنىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. «سىرىق بالا» يوشۇرۇن پىلتا بولۇپ، ئىككى گېزىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇرۇش ئوتى داۋاملىق لاۋۇلداپ كۆيمەكتە ئىدى.

كۆرەشتە چوقۇم تاكتىكىغا دىققەت قىلىش كېرەك، بولمىسا قاراملىق قىلىپ قويىدىغان گەپ، مول تەجرىبىلىك پۇلىتسېر بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىلەتتى. پۇلىتسېر خېستېرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا نىسبەتەن، خادىملارنى يىغىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ ئاۋۋال «دۇنيا گېزىتى»نىڭ يەكشەنبىلىك سانىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشقىدىن تەشكىللىدى ۋە برىسبانىنى باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلىدى. ئۇلار ئاخىر خېستېرغا زەربە بېرىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى. گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئويلاپ تاپقىنى گېزىتنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش بولدى. گېزىتنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، مۇشتەرىلىرى كۆپەيسە، ئېلان كىرىممۇ ئاشاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا «نيۇيورك گېزىتى» چوقۇم نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى ــ دە، خېستېر غەربكە تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. كۆپچىلىك بۇ چارىلەردىن غەلىبە شادلىقىغا چۆمۈلگەندەك تۇيغۇدا بولۇشتى. ئەمما، پۇلىتسېر يەنىلا قاتمۇقات غەم ــ ئەندىشىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدى، چىرايىمۇ ئېچىلمىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى راستتىنلا ئۈنۈم بېرەرمۇ؟ ئەينى يىللاردا نيۇيورك گېزىت ساھەسىدىكىلەرمۇ گېزىتنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن «دۇنيا گېزىتى»گە قورشاپ ھۇجۇم قىلغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىدىغۇ؟ ھەممىگە ئۈمىدۋار قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى چارە بارمۇ؟

پۇلىتسېر توختىماستىن ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، كەسكىن پۇلىتسېر ئەمدىلىكتە دىلغۇل بولۇپ قالغانىدى.

10 ـ فېۋرال پۇلىتسېر ئۇچۇن يەنە بىر قۇتلۇق كۈن ئىدى ھەم دەككە ـ دۈككە بولغان ھەم تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولغان پۇلىتسېر ئاخىر گېزىتنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى ئىككى تىيىنلىق باھا بىر تىيىنغا چۈشۈرۈلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا كۆز تىكىشمەكتە، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشماقتا ئىدى، پۇتكۈل گېزىت ساھەسىدىكىلەرمۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى، ئۇلار ھايات ـ ماماتلىق كەسكىن كۈرەش داۋامىدا ھەم پۇلىتسېرنىڭ، ھەم خېستېرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

ئەزەلدىن پۇلىتسېرغا ياخشىلىق ئەكېلىۋاتقان «10» دىن ئىبارەت قۇتلۇق سانمۇ بۇ قېتىم ئۆز خاسىيىتىنى يوقاتتى. باھانىڭ چۈشۈرۈلۈشى «دۇنيا گېزىتى»نى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. گېزىتنىڭ تارقىلىش مىقدارى ئاشتى، ئەمما ئۇمۇمىي كىرىم تۆۋەنلەپ كەتتى. باھانى چۈشۈرۈشنىڭ «نيۇيورك گېزىتى»گە قىلچە تەسىرى بولمىدى. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ گېزىتنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى ساقلاپ قالغانىدى. «دۇنيا گېزىتى» چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن گېزىت بېتىنى ئىخچاملاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۇنىڭ گېزىت چىقارغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم «ئىخچاملاش» بۇيرۇقىنى چىقىرىشى ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۇ پەقەت قانداق كېڭەيتىش، قانداق ئاشۇرۇشنىلا بىلگەن، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە «ئىخچاملاش» دېگەن سۆزنى قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

«دۇنيا گېزىتى»دە مالىيە كرىزىسى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، خىزمەت تازا ئالدىراش بولسىمۇ، پۈلتسېر يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش مۇھەررىر فاررىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن مەخسۇس زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. باشقىلار پۈلنىڭ كويىدا يۈرگەندە تالانتتا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ ياش خاتىرجەم خىزمەت قىلالىشى ئۈچۈن پۈلتسېر ئۇنىڭ بۇ خىل روھىدىن تەسىرلەندى ۋە ئۇنى توغرا تاللاپتىمەن دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن فاررى تېزلا مەسئۇل باش مۇھەررىرلىككە كۆتۈرۈلدى. پۈلتسېر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ فاررىدىن ئىبارەت ئۆلگە ئارقىلىق خىزمەتچى خادىملىرىغا خاتىرجەم ۋە تىرىشىپ ئىشلەش ھەققىدە تەربىيە بەرمەكچى بولدى. زىياپەتتىن بىر كۈن ئىلگىرى فاررىنىڭ خېستىېرنىڭ سېپىگە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز. شۇ تاپتا تەبرىك قەدەھلىرى شارابلار بىلەن تولدۇرۇلدى، ئەمما ئۇنى كىم كۆتۈرىدۇ؟

پۈلتسېر كارىۋاتتا تويتوغرا بىر كۈن ياتتى، فاررىنىڭ كېتىشى ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى.

مايدا پۈلتسېر ياۋروپاغا داۋالانغىلى باردى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى كېسىلى جىسمانىي جەھەتتىكى كېسىلىدىن ئېغىر ئىدى. بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كېتىشى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. مەھرۇم بولغان نەرسىلەرنى چوقۇم قايتۇرۇۋېلىش كېرەك دەپ ئويلىدى ئۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مۇھىم مەقسىتى ئىختىساسلىق خادىملارنى كەڭ - كۆلەمدە قوبۇل قىلىپ كۆچىنى زورايتىش ئىدى.

پۈلتسېر ئىيۇلدا نيۇيوركقا قايتىپ كەلدى. جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان ماك كىنلىي بىلەن دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان بلايىننىڭ زۇڭتۇڭ سايلىمىدىكى رىقابىتى ھالقىلىق پەيتكە قەدەم قويغانىدى. بۇ ئىككى پارتىيە - گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئىككىلىسى ئاخبارات

ساھەسىنىڭ قولىلىشىغا ئېرىشىشىنى ئويلايتتى. پۇلىتسېر چاتۋولدىنىڭ «پىنھان مۇنارى» دەپ بلايىنىڭ پوچتىكىشى بىلەن كۆرۈشتى. بلاين خېتىدە «دۇنيا گېزىتى»نىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى سىلىق ـ سىپايە سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرگەن، ئەمما خېتىنىڭ ئاخىرىدا بولسا ئېنىق قىلىپ، ئەگەر ئىش ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىسا ھەرقانداق بىر گېزىتنىڭ ئېغىر زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. پۇلىتسېر ئۇزاق ۋاقىت چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. «دۇنيا گېزىتى» ئۇزاق يىللاردىن بۇيان دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتىنى كۈچلۈك قوللاپ كەلگەنىدى، مۇشۇ گېزىتنىڭ قوللىشى نەتىجىسىدە زۇڭتۇڭ كلېۋېلاند ئۆزلىرى 24 يىل مەھرۇم بولغان زۇڭتۇڭلۇق تەختىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن قايتۇرۇۋالغانىدى. ئەمما، شۇ تاپتا خېستېر بلايىنىڭ سايلىنىشىنى قوللاۋاتىدۇ، ناۋادا ئۇنى «دۇنيا گېزىتى»مۇ قوللىسا، پۇلىتسېر قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۆز دۈشمىنىنىڭ كەتمىنىنى چاپقانلىق بولمامدۇ؟ پۇلىتسېر ھەرقايسى سايلام رايونلىرىنى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدى، سايلام بېلەتنىڭ تەقسىم قىلىنىش سانىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ باقتى. ئۇ ئاخىرىدا «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ھەرقانداق پارتىيە ـ گۇرۇھتىكى نامزاتقا يان باسماسلىق، گېزىتنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئوچۇق گەپ قىلىش، پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش قارارىغا كەلدى. «دۇنيا گېزىتى» ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق نامزاتلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىش ئۈچۈن سايلام ئەھۋالىنى زىيارەت قىلىشقا مۇخبىر ئەۋەتتى.

خېستېر بلايىنىڭ سايلىنىشى ئۈچۈن كۆپ ماڭدى. تەسىرىنى كېڭەيتىپ، داغدۇغا پەيدا قىلىش ئۈچۈن «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ تارقىتىش سانىنى كۆپەيتتى. ھەربىر پارچە گېزىتنى سېتىش

ئۇچۇن خېستېر ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ بۇنى يەنىلا رازىمەنلىك بىلەن قىلدى.

سايلام ئاخىرلاشتى، ئۆزىگە ئىشەنگەن بلايىن سايلىنالمىدى. پۇلىتسېر خېستېرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئەمما، باھاسى ئەرزان «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ تىرازى تۆۋەنلىمىدى. ئەكسىچە «باشلامچى گېزىتى»، «قۇياش گېزىتى»نى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بارغانسېرى ئۆرلەپ، «دۇنيا گېزىتى» بىلەن تەڭ ئورۇنغا چىقىپ قالدى. پۇلىتسېر ئۈمىدسىزلەنمىدى. بلايىننىڭ سايلامدىكى مەغلۇبىيىتى نېمىشقا «نيۇيورك گېزىتى»گە تەسىر كۆرسەتمىگەندۇ؟ خېستېر گېزىتى ئۇچۇن جىق پۇلنى چېچىۋەتتى، پۇلىتسېر شۇنداق قىلالامدۇ؟ پۇلىتسېرنىڭ چىقىش يولى قەيەردە؟

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئۇسلۇبىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سەزگۈر ئادەملەر بىر قاراپلا بىلىۋالايتتى. ئۇ كۈچلۈك دۈشمىنى ئالدىدا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ھالىتىنى ئالغانىدى. مەغلۇپ بولغان پۇلىتسېر خېستېرغا ئوخشاش قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولمىدى. ئەمما، مۇرەسسە پوزىتسىيىسىدە بولدى. «ھەقىقەتنى ئىزدەش، چىرىكلىكنى پاش قىلىش» پۇلىتسېرنىڭ ئۇزاق يىل گېزىتچىلىك قىلىشتىكى قېلىپلىنەماسى ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ پۇل تېپىش تەقەززالىقىنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي باسالمايتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى گېزىتنى سودا خاراكتېرىنى ئالدۇرۇپ، گېزىتنى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەركىن گەپ قىلالايدىغان قىلىش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. تىرازى بىلەن پۇل ئەڭ مۇھىم شەرت. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، تىرازى بىلەن پۇل تەڭ قەدەمدە ماڭالماي قالغاندا، پۇلىتسېر روشەن ھالدا پۇل تەرەپتە تۇردى. ھازىر مۇرەسسە پوزىتسىيىسىنى تۇتقاندىلا، خېستېر بىلەن داۋاملىق ئېلىشقىلى بولاتتى. ئۇ بۇ ئۇسۇل بىلەن خېستېرنى چارچىتىپ، يىقىتىپ، ئاخىر مەغلۇپ قىلالايتتى.

1895 ـ يىلى فېۋرالدا كۇبادا كۆلىمى زور بولغان مۇستەقىللىق ئىنقىلابى ئۇرۇشى پارتلىدى. كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلىدىغان خەۋەرلەرنى تېپىش ئۈچۈن، داڭلىق «نيۇ ـ يورك گېزىتى» ۋە «دۇنيا گېزىتى» ئۇرۇش مەيدانىغا زىيارەتكە مۇخبىر ئەۋەتتى. ئۈچ ئاي ئىچىدە كۇبا ئىنقىلابى ئارمىيىسى مەملىكەتتىكى مۇستەملىكىچىلەرنى ھەيدەپ دېگۈدەك ياقىسىدىكى بىرنەچچە شەھەرگە قىستاپ ئاپىرىپ قويدى. مەغلۇپ بولىۋەرگەچكە، ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ ئاتاقلىق گېنېرالى ۋېرىنى كۇباغا ئەۋەتتى. ۋېرى «تۇتقۇن لاگېرى سىياستى»نى قوللىنىپ، كۇبا ئىنقىلابىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى.

«دۇنيا گېزىتى» بىلەن «نيۇيورك گېزىتى» ۋېرىغا بەكلا قىزىقىپ قالدى. چۈنكى، ۋېرىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا قان تېمىپ تۇرغان قىلىچ، پاچاقلاپ تاشلانغان جەسەت، يىغلاۋاتقان بوۋاق، ناكا قىلىنغان قىرى ـ چۈرىلەر كېلەتتى. بۇلار قوزغىتىش ئۇسلۇبى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغىلى بولىدىغان ئەڭ ياخشى تېمىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا گېنېرال ۋېرى دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي جاللات بولۇپ قالدى.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، كۇبا ئىنقىلابى كۈرىشى ھەققىدىكى خەۋەرلەردە «دۇنيا گېزىتى»نىڭ دەسلەپكى پوزىتسىيىسى ئادىل، ھەققانىي ئىدى. بۇ پۇلىتسېرنىڭ ئەزەلدىن تەكىتلەپ كەلگىنى ئىدى. لېكىن، خېستېرنىڭ مۇخبىرى كۇبا ئۇرۇش مەيدانىغا بارغاندىن كېيىن، «دۇنيا گېزىتى» ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن پرىنسىپىدىن چەتنەشكە مەجبۇر بولۇپ، بەزىبىر ئەمەلىيەتتىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن مەزمۇنلارنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى، ھەرقانداق گەپنى قىلالايدىغان «نيۇيورك گېزىتى» ئالدىدا «دۇنيا گېزىتى» يەنە جان بېقىشى، تىرارىنى يەنىمۇ كۆپەيتىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، پۇلىتسېرمۇ

شۇنداق قىلىشقا يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن يالغان خەۋەرلەر چىقىشقا باشلىدى. گەرچە «دۇنيا گېزىتى»نىڭ كۇبادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىنى، كۇبالىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەھرىمان ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن گېزىتنىڭ تىراژىنى ئاشۇرىمىز دەپ، ياش مۇخبىرلار پۈتكۈل جەڭ مەيدانىنى قان بىلەن تولغان دەپ يازدى، يازغان خەۋەرلىرىنى «پۈتۈنلەي توغرا» دېدى: ئىسپانىيىلىك بىر ۋەھشىي پولكوۋنىك بىر قولى قالغان تۇرۇقلۇق 50 نەپەر كۇبالىقنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قېرىلار ۋە بالىلارنىڭ جەسەتلىرى قىيما ـ چىيما قىلىنىپ، ئىتقا تاشلاپ بېرىلدى؛ ئىسپانىيىلىكلەر كۇبالىقلارنىڭ يەيدىغان تاماقلىرىغا، ئىچىدىغان سۈيىگە كۆچلۈك زەھەر سالدى؛ ئىسپانىيىلىكلەر كۇبا ئاياللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلدى قاتارلىقلار. ئەزەلدىن قوزغىتىش ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان «دۇنيا گېزىتى» ئۆزلىرىنىڭ «نيۇيورك گېزىتى»دىن ئىبارەت بۇ ھەمراھىنى باشقىدىن تونۇشقا مەجبۇر بولدى. خېستېرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتى ئالاھىدە ئىدى. 1897 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ كۇباغا ئەۋەتكەن مۇخبىرى: «بۇ يەردە ئۇرۇش يوق ئىكەن، قايتىپ كېتەي» دەپ تېلېگراما ئەۋەتكەندە، خېستېر: «شۇ يەردە تۇر، سەن رەسىم ئەۋەتسەڭ، ئۇرۇشنى مەن ئۆزۈم تېپىۋالىمەن» دېگەن. خېستېر دېگەن بۇ ئادەم توغما يالغانچى بولۇپ، بەكلا سەزگۈر ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئىشلارنى تېپىپ چىقالايتتى ھەمدە ئۇنى ھەسسىلەپ يوغانلىتىپ، «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان نەرسىسى قىلالايتتى. 1897 ـ يىلى كۇبا ئىنقىلابىنىڭ بىر تەشكىلاتچىسى ئاتلىق قىسىمغا قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندۇ؛ ئۇنىڭ قىزى ئىۋانژېلىناكېسۇۋ خېنىم ئەرز قىلىۋەرگەچكە، ئىسپانىيىلىكلەر ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرمەي،

ئۆلۈم جازاسىنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ قىز شۇ يەردە دادىسى بىلەن بىللە تۇرۇپ، پۇرسەت كەلسە ھەرىكەت قىلىشنى كۈتىدۇ. بىر قېتىم ئۇ ئارالنى قوغداۋاتقان قىسىمنىڭ قوماندانى پولكوۋنىك خېرىس بېرسنى تۇتقۇن قىلىپ، دادىسىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولىدۇ، ئەمما ئىش پاش بولۇپ قېلىپ، ئۇ قىز 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. خېستېر بۇ خەۋەرنى پايدىلىنىدىغان يېرى بار ئىكەن دەپ بىلىپ، «نيۇيورك گېزىتى»دە ئۇ قىزنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىنى، ھېلىقى پولكوۋنىك شەھۋەتپەرەس بولغاچقا، قىزغا چېقىلماقچى بولغاندا، قىز ئۆزىنىڭ نومۇسىنى قوغداپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، پولكوۋنىكنى يارىلاندۇرغان، دەپ يازدى. خەۋەردە داۋاملىق ھالدا بۇ ئوماق، ھۆرمەتكە سازاۋەر، بىچارە قىزنىڭ ھاۋانادىكى ئەڭ پەسكەش، نېگىرلارنى قامايدىغان تۈرمىدە قاتتىق جازاغا تارتىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ 20 يىل ئەمەس، بىر يىلمۇ چىدىيالماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن خېستېر ئامېرىكا ئاياللىرىنى قوزغاپ ئۇ قىزنى كەچۈرۈم قىلىشقا رىم پاپىسى بىلەن ئىسپانىيە ئايال پادشاھى مارىيا كىرىستىناغا مۇراجىئەت قىلدۇرماقچى بولدى. بۇ ئىش پۈتكۈل ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى زىلزىلىگە سالدى. گېنېرال ۋىرى ئىككىلىنىپ قالغان چاغدا، خېستېر بەستلىك كەلگەن، يەم ـ پاراسەتلىك مۇخبىر دېكىلىنى نۇرغۇن پۇل بىلەن ھاۋاناغا ئەۋەتىپ، گۇندىپاينى سېتىۋېلىپ، كېسۋو خېنىمنى ئەرەنچە ياساندۇرۇپ يولۇۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى ۋە نيۇيوركقا ئەكەلدى. خېستېر ئۇ قىز ئۇچۇن مادىسون مەيدانىدا ناھايىتى كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىن چۇقان، تەنتەنىگە چۆمدى. كېيىن خېستېر ئۇ قىزنى ئاقسارايغا ئەكىردى. ئۇ قىزنى زۇڭتۇڭ قوبۇل قىلدى. بۇ بىر يۈرۈش خەۋەرلەر بىلەن «نيۇيورك گېزىتى» بىرمەھەل تازا بازار تېپىۋالدى.

«دۇنيا گېزىتى» ۋە «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ باشلامچىلىقى بىلەن، نيۇيورك ۋە باشقا يەرلەردىكى گېزىتلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن يالغان خەۋەر ۋە توقۇلغان ھېكايىلەرنى ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ ئادەمنى بەكمۇ گاڭگىرىتىپ قويغىنى كۇبا ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى گېنېرال ماسئو ھەققىدىكى ھېكايىلەر بولدى. ھەر خىل گېزىتلەردىكى خەۋەرلەردە گېنېرال ماسئو ئۇخشىمىغان جايلاردىكى ئۇرۇشلاردا ئاز دېگەندە 10 نەچچە قېتىم ئۆلۈپ بولغانىدى، بىر قېتىم تېخى ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان دېيىشتى. «پېشۋالار گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، گېنېرال ماسئونى شەخسىي دوختۇرى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنىدى. «پوچتا خەۋەرلىرى گېزىتى»دە ئۇ بىر قېتىملىق يوشۇرۇن زەربە بېرىشتە ئىسپانىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. «دۇنيا گېزىتى» بىلەن «خەۋەرلەر گېزىتى» ئورتاق ھالدا ئۇنى ئىسپانىيە ئارمىيىسى بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، دېدى. يەنە بىر خەۋەرلەردە، ئۇ ھازىرمۇ قەھرىمانلارچە ياشاۋاتىدۇ، دېيىلگەنىدى. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان خەۋەرنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بىر مۇخبىرى ھەتتا ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ۋىرىنى مۇنەۋۋەر ئەسكەر، «تولۇپ تاشقان روھقا ئىگە ئەقىللىق ئادەم» دەپ يازغانىدى. پۈتكۈل ئاخبارات ساھەسىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان تەتۈر ئېقىم پەيدا بولدى. «دۇنيا گېزىتى» ۋە «نيۇيورك گېزىتى» بۇ تەتۈر ئېقىمنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ئىدى. چۈنكى، «سېرىق بالا» بۇ ئىككى گېزىتنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى بولغاچقا، كىشىلەر بۇ چاغدىكى ئېغىر دەرىجىدىكى ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن كۆچلۈك تەسىر قىلىدىغان خەۋەرلەرنى «سېرىق خەۋەر» دەپ ئاتىشاتتى، شۇڭا بۇ ئىككى گېزىتتىمۇ «سېرىق خەۋەر» پەيدا قىلغۇچىلار ئىدى، كېيىن خېستېر بۇ ھالەتنى بەكلا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى، «نيۇيورك گېزىتى»دە پۈتۈنلەي شەھۋانىيلىق، جىنايى ئىشلار، قاتىللىق

خەۋەرلىرى يېزىلىدىغان بولدى.

«دۇنيا گېزىتى» بىلەن «نيۇيورك گېزىتى» ئاخبارات ساھەسىدە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشىدىمۇ قۇتراتقۇلۇق رولىنى ئوينىدى. كۇبا ئىنقىلابى توغرىسىدىكى يالغان خەۋەرلەر ۋە گېنېرال ۋېرىنىڭ قەبىھ خاراكتېرى توغرىسىدىكى مۇبالىغە ھالەتتىكى تەشۋىقاتلار بىر قىسىم ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئامېرىكا پۇقرالىرىنى ئالدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئىسپانىيىلىكلەرگە بولغان كۈچلۈك نەپرىتىنى قوزغىدى.

شۇ يىلى 15 ـ فېۋرال كەچتە ئامېرىكىنىڭ «مېرىن» ناملىق ھەربىي پاراخوتى ھاۋانا پورتىدا پارتلاپ، پاراخوتتىكى 300 دىن ئارتۇق ئوفىتسېر ـ ماتروستىن 200 دىن كۆپرەكى نەق مەيداندا پارتلاپ ئۆلۈپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ ئوق ھىدىنى پۇراپ قالغان ئىسپانىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلماقچى بولۇپ، «ئافانسو Ⅶ » ناملىق ئوكيان پاراخوتىنى جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. ئىسپانىيە ماتروسلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ئۆز ھاياتىغا كېلىدىغان خەۋپكە پەرۋا قىلماي، ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قالغان «مېرىن» ناملىق پاراخوتقا چىقىپ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىسپانىيىنىڭ ھاۋانادا تۇرۇشلۇق دائىرىلىرى ئامېرىكىنىڭ قازا بولغۇچىلىرىغا داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دېڭىز ئارمىيە تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ چۆكۈپ كەتكەن ھەربىي پاراخوتنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ، پارتلاشنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشنى بەلگىلىدى. ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسىدىكى زاتلار بۇنىڭ نەتىجىسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندا، «دۇنيا گېزىتى» بىلەن «نيۇيورك گېزىتى» چىداپ تۇرالماي قالدى.

«نيۇيورك گېزىتى» ھېچقانداق ئىسپات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تۇيۇقسىزدىنلا تىغ ئۇچىنى ئىسپانىيىگە قارىتىپ،

ئىسپانىيىلىكلەر ھەقىقىي قاتىل، دەپ يازدى ھەمدە كەينى ـ كەينىدىن قوتراتقۇلۇق ماقالىلىرىنى باستى، ئامېرىكىدىن ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى. «دۇنيا گېزىتى»، «ئىسپانىيىنىڭ سۇيىقەستى» دېگەن تېمىدىكى ھېچبىر ئاساسى يوق ماقالىنى ئېلان قىلدى ھەمدە مۇنەۋۋەر غەۋۋاسنى ھاۋانا پورتىغا پۇتكۈل ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. «دۇنيا گېزىتى» ۋە «نيۇيورك گېزىتى» دىن ئىبارەت بۇ دوستانە ئۆتمەيدىغان ھەمراھلار بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىرلىكتە «مېرىن» ناملىق ھەربىي پاراخوتنىڭ باشلىقى سىگسبىرنىڭ دېڭىز ئارمىيە قوماندانىغا يوللىغان بىر پارچە تېلېگراممىسىنى ئېلان قىلدى. پۇتۇنلەي ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ تېلېگراممىدا: «پاراخوتنىڭ پارتلاپ كېتىش ۋەقەسى تاسادىپىي ئەمەس» دېيىلگەنىدى.

«دۇنيا گېزىتى» بىلەن «نيۇيورك گېزىتى» كۆرۈنۈشتە ئۆزئارا كېلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، خېستىر پۇرسەت تېپىپ «دۇنيا گېزىتى»گە يوشۇرۇن ئوق ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ يېقىندىن تەيىنلەنگەن باش مۇھەررىرى برسبان «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئىسمىنى يېزىشقا رۇخسەت قىلماسلىق قارارىغا نارازى بولۇپ، پۇلىتسېر بىلەن ماي تارتىشىپ قالغان چاغدا، خېستىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ برسباننى ئۆزىگە تارتىپ كەتتى.

كۇبا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ تىرازى بىراقلا ئۆرلەپ كەتتى، «مېرىن» ناملىق پاراخوت ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە، ئۇنىڭ تىرازى 5 مىليون پارچىغا يەتتى. ئۇرۇش گېزىتنىڭ تىرازىنى كۆپەيتتى، گېزىتمۇ ئۇرۇش كېرەك ئىدى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرلىرى بۇ مەزگىلدە كېچە ـ كۈندۈز ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىدى. ئۇلار ئۇرۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندا، بىر كۈنى كەچتە، گېزىتنىڭ تەييارلىق ماقالىلىرى بېكىتىلىپ، بارلىق خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، باش

مۇھەررىر چامبېرتىن تۇيۇقسىزدىنلا ھاياجانلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى:

ــ ئۇرۇش! ئۇرۇش! ئۇرۇش باشلاندى!

كېيىن ئىگىلىنىشىچە، ھەددىدىن ئارتۇق چارچاپ، جىددىيلىشىپ كەتكەن بۇ باش مۇھەررىرنىڭ نېرۋىلىرى ئاخىر بۇزۇلغانىدى.

21 ـ ئاپرېل ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئاخىر پارتلىدى. «دۇنيا گېزىتى» ۋە «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ نۇرغۇنلىغان مۇخبىرلىرى يەنە ھەرىكەتكە كەلدى. خېستېر ئۆزى «سېرۋىيا» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كېلىپ، «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى مۇخبىرلىرىنىڭ باش قوماندانى بولدى. ئۇ بەزى ئۇششاق ئۇرۇشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، «نيۇيورك گېزىتى» ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قانلىق ۋەقە خەۋەرلىرى يەتكۈزۈپ بەردى.

پۇلىتسېر ئۆزلىرى ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشتا، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ كۈلكىگە قالىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ھەرقايسى گېزىتلەر ۋەقەنى تەكشۈرۈپ ئولتۇرمايلا ئېلان قىلىۋېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاخبارات ساھەسىدىكى توقۇلما خەۋەرلەر شامىلى يەنە بىر قېتىم يامراپ كەتتى. بىرسى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىغان پۇلىتسېردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، بىر ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتتى. «نيۇيورك گېزىتى» ئاۋستىرالىيىلىك گېنېرال شېرنازى توغرىسىدىكى يالغان خەۋەرنى باستى. «دۇنيا گېزىتى» ھېچبىر ئويلاپ تۇرماستىنلا بۇ خەۋەرنى كۆچۈرۈپ باستى. بىرسى شۇئان «دۇنيا گېزىتى»گە قايتۇرما ئوق ئېتىپ، بۇ ئىشنى تۇتۇۋېلىپ، «دۇنيا گېزىتى»گە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. پۇلىتسېر ۋە ئۇنىڭ مۇھەررىرلىرى ئامالسىزلىقتىن ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ نادامەت چەكتى.

چەكسىز ئازاب ئىچىدە پۇلتېسپىر ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆزىنى سەل ئوڭلاپ تۇرۇشىغا، كەينىدىنلا كەلگەن يەنە بىر ئىش ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم سەتلەشتۇردى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ كۇبادا تۇرۇشلۇق بىر مۇخبىرى، سان فۇئادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا 71 ـ پولكىدىكى پىدائىيلار ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. گېنېرال روزۋېلت بۇ ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، دەپ خەۋەر بەردى. «نيۇيورك گېزىتى» بۇ خەۋەرگە شۇئان ھۇجۇم قىلىپ، بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت ۋە ھاقارەت، 71 ـ پولك قەھرىمان پولك، ئۇلسىمۇ تىز يۈكمەيدىغان قوشۇن، دېدى. «نيۇيورك گېزىتى» يەنە، ئۇرۇشتا 71 ـ پولكنىڭ 14 ئادىمى ئۆلگەن، 59 ئادىمى ياردار بولغان، دەپ يازدى. بۇنداق كۈچلۈك ئىسپاتلار «دۇنيا گېزىتى»نى يەنە بىر قېتىم قەھرىمان 71 ـ پولك ئۈچۈن خاتىرە مۇنارى ياساشقا ئىئانە توپلاشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ ئەخمىقانە ھەرىكەتلەر شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بولدى. غەزەپكە كەلگەن 71 ـ پولك ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ بەرگەن ياردىمىنى ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ پائالىيەت يېرىم يولدا توختاپ قالدى، توپلانغان ئىئانە پۇل ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن پۇلتېسپىر ئۇرۇشقا شۇنچىلىك ئۈچ بولۇپ كەتتىكى، تىنچلىقنىڭ كېلىشىنى، ئۆزىنىڭ گېزىتىنىڭ تىنچلىق ئىچىدە تەرەققىي تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

12 ـ ئاۋغۇستتا ئامېرىكا ـ ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشتى.

ئۇرۇشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن پۇلتېسپىر ئاخىر ھوشىنى تاپتى، ئۇ ئەھۋالنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندى. «دۇنيا گېزىتى» ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ يۆنىلىشىگە خىلاپ ئىش قىلدى، بۇرۇنقى ئىخچام، توغرا بولۇش ئىستىلىنىڭ ئورنىنى ئۇيدۇرما، قۇرۇق گەپ ئىگىلەپ كەتتى. فوزغىتىش ئۇسلۇبى بەكلا ئاشۇرۇۋېتىلدى، «دۇنيا گېزىتى»

يالغاننى قوراشتۇرىدىغان گېزىت بولۇپ قالدى.

پۇلىتسېر ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى يۇيۇپ تاشلىماقچى بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە خىزمىتىنى باشلايتتى 28 ـ نويابىر «دۇنيا گېزىتى»دىكى بارلىق خادىملارنى يىغىپ يىغىن ئاچتى. يىغىنىنىڭ مەقسىتى، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بۇرۇنقى ھەقىقەتنى ئىزدەش ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆزگە تېگىشلىك ئورۇننى باشقىدىن تېپىش ئۈچۈن قانداق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك، دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىدى. پۇلىتسېر يىغىنغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

«دۇنيا گېزىتى» داغدۇغىلىق ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، خېستېر ئۆزىنىڭ «سېرىق خەۋەر»لىرىنى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. بۇ قارا نىيەتلىك ئادەم ئۆزىنىڭ ئاخبارات قورالىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. «نيۇيورك گېزىتى» ھەتتا بىر قېتىملىق زۇڭتۇڭنى قەستلەش دېلوسىغا قۇتراتقۇلۇق قىلىش رولىنى ئوينىدى. 1900 ـ يىلى سېنتەبىردە ماك كىنلېي زۇڭتۇڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى، «نيۇيورك گېزىتى» ۋە خېستېرنىڭ تۇرالغۇسىنى غەزەپلەنگەن خەلق قورشىۋالدى. كېيىن كىشىلەر ھەر خىل ھادىسىلەر ئارقىلىق خېستېر ۋە ئۇنىڭ گېزىتىنىڭ بۇ رەزىل سۇيىقەست ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالدى. كېنتۇككى شتاتىنىڭ باشلىقى گوبىل قەستلەنگەن چاغدا، «نيۇيورك گېزىتى»، «ئوق گوبىلنىڭ كۆكرىكىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، پۈتۈن غەرب تەرەپنى ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ قەيەرگە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى. ھازىر بىر ئىش شۇنچە ئالدىراش، چۈنكى ئوق ماك كىنلېينى جەسەت قويۇش ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇشى مۇمكىن» دەپ يازغانىدى. «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسىدە يەنە: «ئەگەر يامان ئادەم ۋە يامان تۈزۈمنى پەقەت ئۆلتۈرۈش ۋاستىسى بىلەن يوقاتقىلى بولىدىغان

بولسا، ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈش كېرەك» دېگەن جۈملىلەر بار ئىدى. زۆختۈڭ ماك كىنلىبي قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قاتىلنىڭ يانچۇقىدىن كىنلىبىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان «نيۇيورك گېزىتى» چىقىپتۇ، دېگەن گەپلەر بولدى. روزۋېلت زۆختۈڭ بولغاندىن كېيىن پارلامېنتقا يازغان تۇنجى خېتىدە، قاتىلنىڭ زۆختۈڭنى قەستلىگەندىكى سەۋەب، ئۇ «نيۇيورك گېزىتى»نىڭ قۇتراتقۇلۇقىغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ يازغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خېستېر زۆختۈڭنى قەستلەشنىڭ قۇتراتقۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مودېلى نيۇ ـ يورك، چىكاگو قاتارلىق جايلاردا دارغا ئېسىپ قويۇلدى. ئېلان سودىگەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىنىڭ توختاملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بەزىبىر غەزەپلەنگەن ئوقۇرمەنلەر گېزىتنى كۆيدۈرۈۋەتتى، پۈتۈن جەمئىيەتتە «نيۇيورك گېزىتى»نى چەكلەيدىغان پائالىيەتلەر ئەۋج ئالدى.

«دۇنيا گېزىتى» بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «نيۇيورك گېزىتى»گە ھۇجۇم قىلمىدى، بەلكى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «نيۇيورك گېزىتى»گە سىلىشتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇ ئۆزىدىكى سېرىق داغلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «دۇنيا گېزىتى» ۋە «نيۇيورك گېزىتى»دىن ئىبارەت بۇ دوست ئۆتەلمەيدىغان ھەمراھلار ئاخىر پۈتۈنلەي ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشتى.

## 5. جاھان كېزىپ يۈرۈپ، «دۇنيا گېزىتى»نى باشقۇرۇش

پۇلىتسېر ئالدىراشلىق ئىچىدىلا كىشىلىك ھاياتىنىڭ قىممىتى ئەكس ئېتىدۇ، دەپ قارايتتى.

1890 ـ يىلىلا ئۇ «دۇنيا گېزىتى»دە ئىستېپانامە ئېلان

قىلغان. لېكىن، ئۇ ھاياتىدا «دۇنيا گېزىتى»دىن ھەقىقىي ئايرىلغان ئەمەس. ئۇ ھەر دائىم «دۇنيا گېزىتى»نىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلەتتى.

كۆزىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، ھەر خىل كېسەللىكلەر ئۇتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان پۇلىتسېرنى ناكا قىلىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ مىجەزى نورماللىسىزلىشىپ، سەپرا مىجەز بولۇپ كەتتى. لېكىن، گېزىتكە ۋە سىياسىيغا مەھلىيە بولۇپ قالغان پۇلىتسېر مۇشۇ روھىي كۈچ بىلەنلا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ياشايتتى. بۇ خىل روھىي كۈچ بەزىدە پۈتۈنلەي ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاندا، ئۇ گويا ئەينى يىللارغا قايتقاندەك بولۇپ قالاتتى. لېكىن، ئوبيېكتىپ شارائىت ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى، چۈنكى پۇلىتسېر مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق قۇدرەتلىك گېزىتچىلىك گۇرۇھىغا رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن. بۇ ئۇسۇل «دۇنيا گېزىتى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەزگىلى ــ خېستېر بىلەن كورەش قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدىمۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

پۇلىتسېر گېزىتخانىنىڭ ھەيۋەتلىك خىزمەت بىناسىغا كەمدىن ـ كەم بارسىمۇ، ئەمما ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەمىشە ئۇنى بىنادا بار دەپ قاراپ، ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل ۋە پۇختا ئىشلەيتتى. 1891 ـ يىلى يەنى پۇلىتسېر خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئىككىنچى يىلى، ئەينى چاغدىكى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى كوككېرىل بىلەن كەسپىي دىرېكتور ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئۇلار پۇلىتسېرنىڭ ئىستېپا بېرىشى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنىڭ بىزگە قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزلىرى خالىغاننى قىلىشماقچى بولۇشتى. خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ

تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن كوككېرىل دائىم ئىشقا كەلمەيتتى. چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان تېنېر ھەممىشە ساياھەت كېمىسى بىلەن سەيلە ـ ساياھەتكە چىقىپ كېتەتتى.

رىمدا تۇرۇپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان پۇلىتسېر قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ ئىستېپا بېرەر ـ بەرمەيلا بەزىلەرنىڭ باشباشتاقلىق قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۆزى ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان كوككېرىلنىڭمۇ ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ نيۇيوركتىكى «دۇنيا گېزىتى» ۋە سېنت ـ لۇئىستىكى «پوچتا خەۋەرلىرى گېزىتى» بىلەن ئالاقىلىشىپ تېنېرنى ئىشتىن بوشاتقۇزۇۋەتتى. كوككېرىلنىڭ خىزمىتىنى سېنت ـ لۇئىسقا يۆتكىۋەتتى. خاتالىقىنى تونۇپ يەتكەن كوككېرىل خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. «دۇنيا گېزىتى»دىكى بۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر ھەربىر خىزمەتچىگە بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن گۇمانخور پۇلىتسېر بارلىق خىزمەتچىلەرگە گۇمانىي نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تېزدىن نيۇيوركقا قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە توپتوغرا بىر ھەپتە تۇردى ۋە بۇ بىر ھەپتىدە «دۇنيا گېزىتى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ھەر سەيشەنبە چۈشتىن كېيىن قەرەللىك يىغىن ئېچىپ گېزىت تەھرىرلىكى ۋە زىيارەت قىلىشقا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كونكرېت مۇھاكىمە قىلىشنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزىگە تەپسىلىي دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتەك مۇھىم ئىشلارنى قىلدى. ئەلۋەتتە پۇلىتسېر تېلېفون بېرىپ بۇلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇراتتى. پۇلىتسېر ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ بىر ھەپتىدە ئۆزى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئۇنۇمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئېغىر بەدەل تۆلىدى. بۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭ كۆزى يەنە ئاجىزلاپ كەتتى.

پۇلىتسېر بۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ، شۇنداقلا

خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھىم ئورۇنلارغا ھوقۇقى ۋە ئىقتىدارى تەڭ بولغان، ئۆزئارا يول قويۇشمايدىغان ئىككى كىشىنى بېكىتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نازارەت ۋە رىقابەت ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەپ تۇرۇشنى كۈچەيتتى، خىزمەتنىڭ پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەنە خىزمەتچىلەرنىڭ قەرەللىك ھالدا ئۆزىگە خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىپ تۇرۇشىنى، بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ھەم گېزىتخانىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ھەممە تەرەپكە ئېتىبار بەرگەن ئاساستا بايان قىلىشنى، ھەم خىزمەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەينەن باھالاشنى، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارنى دائىم باھالاپ تۇرۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بەرگەن باھاسىدىن مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

بۇ ئۇسۇللار كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللەردە پۇلىتسېرنىڭ «دۇنيا گېزىتى»نى كونترول قىلىپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ۋاسىتىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا بولسۇن، نيۇيوركتىن قانچە يىراقتا بولسۇن، مۇشۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى تەھرىرلىك جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرگە قارىتا كۆڭلىدە سان بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»نىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاددىي خىزمەتچىلەر توغرىسىدا ئادىل باھاغا ئىگە ئىدى.

پۇلىتسېر ئەلۋەتتە ئىقتىدارلىقلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش پوزىتسىيىسىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرتمىدى، مۇنەۋۋەر

ئىختىساسلىق خادىملارنى جەلپ قىلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئۇدا بىرنەچچە قېتىم مائاش ئۆستۈردى، خىزمەتتە نەتىجە قازانغانلارنى بايقىسىلا، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىدى. پۇلتسېر گەرچە بەزىدە يىراقتا بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېزىت چىقىرىش جەھەتتە خاسلىقتا چىڭ تۇرۇش پرىنسىپىنى قول ئاستىدىكىلىرى يەنىلا تەۋرەنمەستىن ئىجرا قىلدى. بىر قېتىم بىر تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر ئالىي رېستوراندا قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىدۇ. يەنى كۇنداشلىق ئوتىدا كۆيگەن بىر ياشانغان ئەر سىرتتا ئاشنا ئويىنىغان ياش ئايالنى ئېتىۋېتىدۇ. بۇ ماگىزىنىنىڭ دىرېكتورى «دۇنيا گېزىتى»دىن بۇ ۋەقەنى يازغاندا ماگىزىنىنىڭ ۋە رېستوراننىڭ نامىنى تىلغا ئالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە گېزىتخانىدىكىلەرگە تەھدىت سېلىپ «بىزنىڭ دېگىنىمىزدەك قىلمىساڭلار، باش دۇكىنىمىز ۋە تارماق دۇكانلىرىمىزنىڭ گېزىتخاناڭلارغا بەرگەن بارلىق ئېلانلىرىنى بىكار قىلىۋېتىمىز» دەيدۇ. پۇلتسېرنىڭ ئىقتىدارلىق خادىمى سېتس ئۇ سامان قورساق دىرېكتورغا سوغۇق نەزىرى بىلەن لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ: ئاخبارات تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە جىددىي تەرزدە «خىزمەتداشلار، دىققەت قىلىڭلار، مەن سىلەردىن بۇ قانلىق دېلونى خەۋەر قىلغىنىڭلاردا بىرىنچى ئابزاسنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدە، بىرىنچى جۈملىنىڭ بېشىدا مانا ماۋۇ دىرېكتور ئەپەندىنىڭ ماگىزىنىنى تىلغا ئېلىشىڭلارنى، خەۋەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدىمۇ زورۇر تېپىلسا ئاشۇ ماگىزىننىڭ نامىنى ئاتىشىڭلارنى، زورۇر تېپىلمىغاندىمۇ ئۇنىڭ نامىنى ئاتاۋېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. بىز بۇ پۇلدار ئەپەندىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ‹دۇنيا گېزىتى›نى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېلان بېتىنىلا سېتىۋالغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويايلى!» دەيدۇ. بۇ

گەپنى ئاڭلىغان دىرېكتورنىڭ جان ـ پېنى چىقىدۇ ـ دە، گېزىتخانىدىن كېتىدۇ.

پۇلىتسېر كېيىنكى يېرىم ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزى ھېرىسمەن بولغان قاتناش قورالى ــ ئالىي دەرىجىلىك كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ كاتىپلىرى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئوكيانلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ساياھەت قىلدى، ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ساياھەت قىلىش داۋامىدا دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك بورانلىرى، ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇنلىرىغا كۆندى. دېڭىز ـ ئوكياندا كېمە بىلەن سەيلە ـ ساياھەت قىلىشقا ئامراق بولۇپ قالدى. شۇڭا، كېيىن ئۇ ئۆزىگە مەخسۇس ئالىي دەرىجىلىك چوڭ ساياھەت كېمىسى ياساتتى.

پۇلىتسېر مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىمۇ «دۇنيا گېزىتى»نى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش، قۇلايلىق ۋە تېز بولۇش، ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاددىي مەخپىي رەقەملىك ئالاقىلىشىش سىستېمىسى ئىجاد قىلدى. ئوخشىمىغان شەخسلەر ۋە ناملارغا ئوخشىمىغان مەخپىي رەقەملەرنى بېكىتتى، مۇشۇنداق قىلغاندا تېلېگراممىنىڭ ئىچچام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مەخپىيەتلىك ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالمايتتى. ئۇ ئۆزىگە «ئاندىس»، دىرونغا «گۇس» برسبانغا «خوللوس»، دېموكراتلار پارتىيىسىگە «چوجە غاز» جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە «نەم تىنچىق ھاۋا» دېگەن شەرتلىك نامنى قويدى. كېيىن بۇنداق مەخپىي رەقەملەر بىلەن ئاتاش بارغانسېرى كۆپەيدى، ئىشقىلىپ گېزىت بىلەن ئالاقىدار ئادەم ۋە ئورۇنلارنىڭ نامى مۇشۇ خىل ناملار بىلەن ئاتالدى.

«دۇنيا گېزىتى» ۋە «پوچتا خەۋەرلىرى گېزىتى» ئىدارىسىدە دائىم ئاشۇنداق مەخپىي رەقەملەر بىلەن كەلگەن تېلېگرامما ۋە خەت ـ چەكلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلار ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەرگە ئىلھام ـ مەدەت بېغىشلايتتى. ماك كىنلېي بىلەن بىلاين زوڭتوڭ سايلىنىش ئۈچۈن رىقابەتلىشىۋاتقاندا، مەخپىي رەقەملەر بىلەن يېزىلغان تېلېگراما ۋە خەت ـ چەكلەر خىزمەتچىلەرگە ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇردى. زوڭتوڭ سايلام پائالىيىتىگە كىرىشىپلا قالغان پۇلىتسېر كۆندە مۇشۇ ئىش بىلەن چالۋاقاپ يۈردى.

بىر مېيىپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى يىراقتا تۇرۇپ مەملىكەت خاراكتېرىدىكى بىر گېزىتنى تىزگىنلەش، غايەت زور بىر گۇرۇھنى باشقۇرۇش زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. ۋەھالەنكى، پۇلىتسېر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ، دۇنيا ئاخبارات تارىخىدىكى بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇلىتسېرنىڭ بۇ خىل پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە ئوبرازى كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۇ ياشايدۇ.

# تۆتىنچى باب ئاخبارات ساھەسىدىكى ئىنقىلاب

**غەلبە ئالدىمغا ئۆزى كەلمەيدۇ،**
**مەن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك.**

## 1. «بېخىل» مىليونېر

مۇشكۇل مۇساپىلەر پۇلىتسېرغا قانداق ئىقتىسادچىل بولۇشنى ئۆگەتتى. ئۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مائاش تارقاتقاندا، مۇكاپات بەرگەندە سېخىيلىق قىلغىنى بىلەن، گېزىتخانىنىڭ كۈندىلىك چىقىمىغا كەلگەندە ئىنچىكە - پۇختا بەلگىلىمە تۈزدى. ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئەڭ ئەرزان قەغەز - سىياھ ئىشلەتتى. ئۇ ياپراقچىلىك قەغەز، بىر تېمىم سىياھنىمۇ ئىسراپ قىلمايتتى. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇ تازىلىق ئۆيىدە ئەتىر سوپۇن ئىشلىتىشكە، سوغۇق سۇ چايدىنىغا مۇز سېلىشقا رۇخسەت قىلمىدى، بۇ چىقىمنى تېجەشتىكى مۇھىم پەرمان ئىدى. بىر قېتىم پۇلىتسېرنىڭ قورسىقى ئاغرىپ كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كېتىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئىلمان سۇ ئىچكەنلىكتىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوغۇق سۇغا مۇز قوشۇشقا بولمايدۇ دېگەن ماددىنى ئۆزلۈكىدىن بىكار قىلىدۇ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر شۇنىڭ بىلەن مۇز قوشقان سۇ ئىچىدۇ، بۇ ئىشتىن كېيىن خىزمەتچىلەر «خوجايىن قاچان قولىدىكى كىرنى چىقىرالمىغاندا تازىلىق ئۆيىدە ئەتىر سوپۇن پەيدا بولىدۇ» دەپ چاقچاق قىلىشىدۇ.

بىر ئىشنىڭ ھامان ئىككى تەرىپى بولىدۇ، كىشىلەر

پۇلىتسېرنىڭ گېزىتخانىنىڭ كۈندىلىك چىقىمى جەھەتتە «پىخسىق»لىق قىلغىنى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن باشقىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش جەھەتتە تولىمۇ سېخىي ئىكەنلىكىنى كۆرۈشتى. پۇلىتسېر ئەڭ قىيىنچىلىق چاغلىرىدا كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ كىمخاب ئۈستىگە گۈل چەككەندىن ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى، ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئېغىزدا قۇرۇق گەپ قىلىشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ماددىي جەھەتتىكى ياردەمنىڭ ئەڭ ئەمەلىي ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ نيۇيورك ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىگە 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، نيۇيورك ئاخبارات كۇلۇبىغا 5000 ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلدى ۋە بۇ پۇلغا روزۋېلت دوختۇرخانىسىدا بىمارلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈككە بىر كارىۋات تەسىس قىلدى. بۇ كارىۋاتتا سانسىزلىغان نامرات كېسەل مۇخبىرلار ياتاتتى. ئۇ نۇرغۇن پۇلغا خۇبكېر باغچىسىنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى «دۇنيا گېزىتى»دىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە مەخسۇس دەم ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى قىلىپ بەردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئارامخۇدا ياشىشى ئۈچۈن ئۇ مەخسۇس «دۇنيا گېزىتى» ئۆي سېتىلىش ۋە قەرز پۇل بېرىش جەمئىيىتى قۇردى. شۇڭلاشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ گېزىتخانىنىڭ خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى بارغانسېرى كۈچەيدى. ئۇنىڭ سېخىيلىقىمۇ كىشىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى.

پۇلىتسېرنىڭ مائارىپقا بولغان ھۆرمىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، بۇنداق بولۇشى بەلكىم ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى مۇساپىرلىق تۇپەيلىدىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇ ئەمدى بېيىغان چېغىدا بەزى داڭلىق مەكتەپلەردىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي

جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە باشلىغانىدى، ئۇ نيۇيورك شەھەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 12 مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسىغا يىلىغا 250 ئامېرىكا دوللىرىدىن بەش يىل ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تارقىتىپ بەردى.

## 2 . 20 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى

ۋاقىت گويا ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتتى، ھەش ـ پەش دېگۈچە 20 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ياڭرىدى. پۇلىتسېرمۇ گېزىتچىلىك ساھەسىدە 33 يىلچە ئىشلىدى، ئەينى يىللاردا زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، جەسۇر، قەددى ـ قامەتلىك يىگىت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كېسەلدىن نېرى بولالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ نېرۋا ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن ئۇزاق ۋاقىت باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتتى، زىققە كېسىلى، رېماتىزم، دىئابېت كېسىلى، بۆرەك ياللۇغى ۋە ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق كېسىلى ئۇنى ئۇزاققىچە ئازابلىدى. ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغان پۇلىتسېر بەزىدە بۇنداق كېسەل ئازابى تارتىپ ياشىغىنىدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى، ئۇ ئۇزاق ۋاقىت كېسەل ئازابى تارتقاچقا مىجەزىمۇ تۇراقسىز بولۇپ قالدى. ئۇ ئەسلىي ئادەتتىكى بىر گېزىتچى ئىدى، ھالبۇكى بۈگۈنكى كۈندە كەسپداشلىرىنىڭ نەزىرىدە مۆجىزە ياراتقۇچى، تونۇلغان كىشى نەزەر سېلىنۋاتقان شەخس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئاممىۋى سورۇنلاردا كېسەلچان ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ساق ـ بېجىرىم ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇ كېسەلگە باش ئەگمىدى، ھەمىشە ساياھەت كېمىسى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تۇردى. پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى گېزىت چىقىرىشقا سەرپ قىلىش ئارقىلىق كېسەل ئازابىنى يەڭگىللەتمەكچى بولدى،

ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى يەنە بىر قېتىم ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى ــ ئاۋاز ئۆتمەيدىغان ياتاق، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدىغان كاتىپ، خىزمەتكار، ئۇستا دوختۇر، ئەڭ شىپالىق دورىلار، مول نازۇ ـ نېمەتلەر ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ زۆرۈر كاپالىتى بولدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيتتى، ئۇ ھازىر ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش مەڭزىلىرى ئاناردەك قىزىل، قەدەملىرى مەزمۇت، ساقال ـ بۇرۇتى پاكىز قىرىلغان، چاچلىرى كۆڭۈل قويۇپ تارالغان، قەددى ـ قامىتى راۋۇرۇس ھالەتتە بولۇپ، ھېلىھەم پىكرى ئۆتكۈر. ئىنكاسى تېز ئىدى. ئۇ ياز كېلىشى بىلەنلا ئاپئاق كۆڭلەك كىيىپ قېتىۋالسا، ئۇنىڭ ئەمالىقىغا ھېچكىممۇ ئىشەنمەيتتى، ئۇ كېسەلگە تىز پۈكمىسىمۇ، ئەمما دىلى سۇنۇق بالىغا ئوخشاش ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ كۆيۈنۈشىنى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

پۇلىتسېر 1899 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا لىۋېرپولدىن ئامېرىكىغا كېتىۋېتىپ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىش توغرىسىدا ئاجايىپ بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى.

31 ـ دېكابىر ئاخشىمى، ھەشەمەتلىك پۇلىتسېر بىناسىدا رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ تۇراتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەممە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يېڭى مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىشكەن، شامپان كۆتۈرۈشكەن ھالدا زالغا يىغىلىشتى. سائەتنىڭ 12 گە ئۇرۇلغان دېڭى بىلەن تەڭ شادلىق قەدەھلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى. بىر مەيدان كەسكىن رىقابەت باشلاندى. پۇلىتسېرنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بۇ كېچە دەم ئالماستىن تېز سۈرئەت ۋە يۇقىرى سۈپەت بىلەن خارمسۇورت ئۆزگىچە قىلىپ لايىھىلىگەن يېڭى يىللىق گېزىت چىقاردى، بۇ گېزىتنىڭ چوڭلۇقى قولىياغلىقچىلىك ئىدى. بۇ گېزىتكە قىزىققان ئوقۇرمەنلەر ئۇنى بەس ـ بەستە سېتىۋالدى،

ئۇنىڭ تارقىتىلىش سانى بىراقلا 150 مىڭ ئاشتى. بۇ سان گېزىتنى بىرىنچى بولۇپ نيۇيوركتىكى ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان پۇلىتسېر ئەمەس، بەلكى ۋاشىنگتوندىكى زۇڭتۇڭ ماك كىنلېي كۆردى. چۈنكى، يېرىم كېچىدىن كېيىن، بېسىلىپ چىققان تۇنجى گېزىت پوچتىكەشكە تاپشۇرۇلاتتى ۋە مۇشتەرىلەرگە ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن يەتكۈزۈلەتتى. چېچەن خېستېرمۇ گېزىتنى «دۇنيا گېزىتى»دىن بۇرۇن ۋاشىنگتونغا يەتكۈزۈشنىڭ كويىدا ئىدى. ئەمما، زۇڭتۇڭ ماك كىنلېي دائىم ئۆزىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىغان بۇ گېزىت ـــ «خەۋەرلەر گېزىتى» بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ تەنقىدىنى بولسا خېلى ئادىل تەنقىد دەپ قارايتتى، شۇڭا ئالدى بىلەن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئادىمىنى قوبۇل قىلدى، «خەۋەر گېزىتى»دىن كەلگەن كىشى بولسا ئۇنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىدى.

ھەممە كىشى يېڭى تۇرمۇشنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەشتى.

## 3. ئۇتنىڭ سىنىقى

بۇ دۇنيادىكى بارلىق گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇشلارنى ئويلاپ كەلسىڭىز ئۇ ئەلمىساقتىن بۇيان شان ـ شەرەپ، خورلۇق ـ ھاقارەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىر پارچە ئۇيۇل تاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بايلىق توپلاش ئۇچۇن كۆپ مىڭ جاپا ـ مۇشەققەت چېكىمىز، ئەمما ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالىمىز. 1900 ـ يىلى 8 ـ يانۋار كېچىدە يۈز بەرگەن رەھىمسىز ئوت ئاپىتى پۇلىتسېرنىڭ 5 ـ كوچىدىكى ئۆيلىرىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، نەتىجىدە 10 پارچە داڭلىق رەسىم، قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىت، پۇلىتسېرنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى. بۇ ئوت ئاپىتىدە ئايال خوجىدار

مورگان گېرلىد بىلەن ئايال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئېلىزابېت مونتگومېريې بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. بەختكە يارىشا شۇ چاغدا پۇلىتسېر بىلەن ئوغلى كىچىك جوزېف سىرتتا دەم ئېلىۋاتاتتى. تەلىيى ئوڭ كەلگەن پۇلىتسېر خانىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھەمدە باشقا 17 نەپەر خىزمەتكار قېچىپ چىقىپ ئامان قالدى. بۇ پۇلىتسېرنىڭ تۆھپىسى بولۇپ، 1877 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل 30 ياشقا كىرگەن خاتىرە كۈنىدە ئۇ ئاشۇنداق ئوت ئاپىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا ئوت كېتىدۇ، كىشىلەر ھودۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ كېتىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىنادىن سەكرىسە، بەزىلىرى ئوت ئىچىدىن قېچىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە بەزىلەر يىقىلىپ ئۆلسە، بەزىلەر ئىستا ئۆلىدۇ، يەنە بەزىلەر كۆيۈپ ئۆلىدۇ. پۇلىتسېرمۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ. بىراق، بىر چېلەك سۇ بىلەن بىر ئەديال ئۇنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىستا تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قالسىمۇ، مىڭ بىر ئاماللار بىلەن ئامان ـ ئېسەن قالىدۇ. كاتىپ بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدە خەتەردە قالغاندا تەمكىن بولۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، بالىلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. بۇ ئوت ئاپىتىدىن كېيىن ئۇلار ۋاقتىنچە مېھمانخانىنى ماكان قىلدى.

پۇلىتسېرنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى ئاياپ ئوت ئاپىتىدىن ئىككى ئادەم ئۆلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ ئىشتا پۇلىتسېرنى خاتا چۈشەنگەنىدى، ئۇ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا كىشىلەر بىلەن ئىنچىكە ھېساب ـ كىتاب قىلىشسىمۇ، ئەمما چوڭ ئىشلارغا كەلگەندە يەنىلا تەمكىنلىكىنى يوقاتمايتتى، ھازىرقى پۇلىتسېر 20 يىلنىڭ ئالدىدىكى پۇلىتسېر ئەمەس ئىدى. بۇ ئوت ئاپىتىدە باشقىلار پۇلىتسېرچىلىك زىيان تارتسا ۋەيران بولۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، ئەمما پۇلىتسېر بۇ زىيانغا پەرۋا قىلىپ كەتمىدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئائىلىسى، ئوغلى ۋە خىزمەتكارلىرىنىڭ بەختەرلىكى ئىدى. ئۇ قازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ دەپنە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ناھايىتى نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلدى.

ئوت ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئۆز يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئانچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. گېزىتتە جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەر تېخىمۇ كەسكىن هالدا پاش قىلىنىدى. ئۇنىڭ سەزگۈر ۋە ئۆتكۈر ئۇسلۇبى كۈندىن ـ كۈنگە مۇكەممەللەشتى. ھەتتا پۇلىتسېرنىڭ بۇرۇنقى ئاغىنىسى ۋىلىيام ۋىتنېيمۇ بۇ گېزىتنىڭ پاش قىلىشى ۋە ئەيىبلىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. پۇلىتسېر گېزىت چىقىرىش پرىنسىپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن دوستلۇقتىنمۇ ۋاز كېچىشكە رازى ئىدى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇنى كەسكىن رىقابەت بىلەن تولغان ئامېرىكا گېزىتچىلىك ساھەسىدە مەڭگۈلۈك يۇت تىرەپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن گېزىتخانىنىڭ خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. ئۇ گېزىتخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇردى. ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلايتتى. پۇلىتسېر كىشىلەرگە ھەر دائىم ئىنقىتىدارلىق خادىملار ئويغىتىپ قويۇشۇمغا، ئۇچۇغدىشىمغا ۋە تەنقىدىمگە ئېرىشەلەيدۇ، دەيتتى، ئەمما ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلىتسېرنى ئۈمىدسىزلەندۈردى. چۈنكى، ئۇنىڭ تەلىپىنى ھەتتا خۇدامۇ تەستە ئورۇندىيالىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى رەھبەرلەر ھەمىشە جىددىيچىلىك ئىچىدە يۈرەتتى. ئۇلارغا سىرتتا بىرمۇنچە خىزمەت قىلغانلىق سىرتىدا، پۇلىتسېر «بوۋاي»نىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىشكە توغرا

كېلەتتى. بۇنداق نازارەت ئاستىدا ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىش ئۇچۇن ئادەمدە شىرنىڭ ئىشتىھاسى، تۈلكىنىڭ تۈيغۇنلۇقى، يىلدەك مەزمۇت بەست بولغاندىلا، غەلىبىگە ئېرىشەلەيتتى، ئىنتايىن ئىقتىدارلىق نۇررىس، سەممىمي ـ سادىق دىللون، قەلىمى ئۆتكۈر دۇنناك قاتارلىقلار بۇنداق شەپقەتسىز سىناقلارغا چىدىماي «دۇنيا گېزىتى»دىن كېتىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كېتىشى پۇلىتسېرنى قاتتىق خاپا قىلدى ۋە ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ ئادەم تولۇقلاش ئۇچۇن سېنت ـ لۇئىستىن ۋايتنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنى ۋە بۇرتۇننى مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش ئارقىلىق ئىختىساسلىق كىشىلەرنى پائال ئۆزىگە قاراتتى. ئۇ ھەتتا خېستېرنىڭ «خەۋەرلەر گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى سام چامبېرلايننى تارتىپ كەلمەكچى بولدى، ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمىدى. پۇلىتسېرنىڭ خادىملارنىڭ كېتىشى سەۋەبىدىن بېشى قېتىۋاتقاندا، كاتىپى بۇئوتسمۇ ئىستېپا سوراش ئىلتىماسىنى سۇندى، پۇلىتسېر بۇ ئىشتىن ھاڭ ـ تاڭ قالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە ئىزچىل تۇردە سەممىمي ـ سادىق بولۇپ 13 يىل بىللە ئىشلىگەن، مۇلايىم بىر كاتىپنىڭ ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ باشقا بىر خوجايىن تېپىۋېلىشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى، ئۇ بۇ «ئۇمۇرلۇك ياردەمچىسى»گە نۇرغۇن سوۋغا ھەدىيە قىلغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇن مىراسمۇ قالدۇرغانىدى. ئەمما، بۇئوتس روھىي جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ ئازار يېدى، پۇلىتسېرنىڭ قوپاللىقى، ئەدەپسىزلىكى، ئېزىشى ۋە ئەيىبلەشلىرىگە ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ پۇلىتسېرنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ئاخىر كەتتى. شۇبھىسىزكى، بۇئوتسنىڭ كېتىشى پۇلىتسېرغا يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ بۇ سىناقنىڭ ئوت ئاپىتىنىڭ سىنىقىدىنمۇ رەھىمسىزلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «باشقىلار نېمىشقا مۇشۇنداق رەھىمسىز؟» دەپ سوئال قويدى.

گېزىتخانىنىڭ خىزمىتى ۋە كاتىپى ئۇنى

قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇنىڭچە كاتىپنىڭ خىزمىتى ناھايىتى زىل خىزمەت ئىدى، ھەتتا بەزىدە ئۇ ئەر - خوتۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ ھەممىلا يەردە ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۆزىگە تارتاتتى ھەمدە «دۇنيا گېزىتى»نىڭ لوندوندا تۇرۇشلۇق باش مۇخبىرى جامېس تووخېيغا خەت يېزىپ «ئەگەر دۇنيادا كۆڭلۈمدىكىدەك كاتىپ بولسا، ئۇنى ماڭا چوقۇم تېپىپ بېرىڭ» دېدى.

## 4. ئاخبارات ساھەسىدىكى مائارىپچى

ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان پۇلىتسېرنىڭ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارىمىقىدا بىر ئاخبارات ئىنستىتۇتى قۇرۇش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايۋاتاتتى. ئۇ، ئۇنىۋېرسىتېت مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچىلەر مۇقەررەر ماڭمىسا بولمايدىغان يول دەپ قارىمىسىمۇ، ئەمما يەنە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت سەپىرىدە ئەگرى - توقاي يوللارنى ئاز باسىدىغانلىقىنى، يەنى مۇۋەپپەقىيەتنى ئىبارەت نىشانغا يېقىن يول بىلەنلا يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەينى چاغلاردا كىشىلەردە يەنىلا ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئورنى تۆۋەن دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراش بار ئىدى. يىراقنى كۆرىدىغان پۇلىتسېر ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر بەلگىسى دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ئاخبارات ئىشلىرىنى تىرىشىپ يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنى ئويلايتتى. ئۇ ئەمەلىيەت داۋامىدا گېزىتچىلىك ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تەجرىبىلىرى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدەندى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىختىساس ئىگىلىرى گېزىت

چىقارغان دەسلەپكى چاغلاردا ئارزۇ بىلەن رىئاللىقنىڭ زىددىيىتى؛ كېيىنرەك چىقىرىش جەريانىدىكى تارقىتىش مىقدارىنىڭ ئېغىر بېسىمى؛ ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ مادارا قىلىپ تۇرۇشنى چۈشەندى. ھازىر ئۇنىڭ قۇرماقچى بولغىنى ئاددىي بىر ئاخبارات ئىنستىتۇتىلا ئەمەس، بەلكى گېزىتچىلىك ساھەسىدە بىر مەيدان ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، ئەخلاق ۋە قابىلىيەت جەھەتتە تەڭ يېتىلگەن، مەسئۇلىيەتچان، غايىلىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش بازىسى قۇرۇش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ پۇلىتسېر 1892 - يىلىدىن باشلاپ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى نىكولاي موررى بۇترېي ۋە مەزكۇر مەكتەپنىڭ مۇدىرىيىتى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلەشتى ۋە كېڭەشتى. ئۇ مەكتەپكە ئاخبارات ئىنستىتۇتى قۇرۇش تەلىپىنى قويغاندىن سىرت، يەنە ئۆزگىچە، مۇستەقىل قاراشلار ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى تەشەببۇسى بىلەن گېزىت چىقىرىش جەھەتتىكى كۆزقارىشى بىردەك ئىدى، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارمۇ رىقابەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئەينى يىللاردا ھارماي - تالماي ئۆگەنگەن، ئاخىر غەلىبە قازانغان پۇلىتسېر «ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي بىلىملىك بولغىلى بولىدۇ» دېگەن قەدىمىي ھېكمەتلىك سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ يەزىلەتلىك ۋە بىلىملىك ئوقۇغۇچىلارلا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە، دىپلوم ئېلىش ئۈچۈنلا ئوقۇيدىغان كۆز بويامچى قاشاڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتتا بىر كۈن تۇرۇشقىمۇ لايىق ئەمەس دەپ قارايتتى. ئۇ بالىلىرىغىمۇ شۇنداق تەلەپ قوياتتى. ساينت مارك مەكتىپىدىكىلەر ئەۋەتكەن ئوغلى جوزېفنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەن پۇلىتسېر قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئوغلىنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك

چاغلىرىنى ئەسلەيدۇ، ئوغلى بىلەن ئۆزىنىڭ دەۋر ـ شارائىتىنى سېلىشتۇرۇپ، ئوغلىنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتىمۇ ئەلا ئوقۇيالمىغانلىقىغا زادىلا ئەقلى يەتمەيدۇ. ئۇ مەكتەپكە يازغان خېتىدە ئوغلىنىڭ نۇقسان ـ يېتەرسىزلىكلىرىنى بىرمۇبىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئوغلىدىن كۈتىدىغان سەممىمىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئوغلى كەلگۈسىدە ئالاھىدە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى، شۇڭا ئۇ ئالاھىدە تەربىيە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ نەزەرىيىنىلا چۈشىنىپ، ئەمەلىي مەشغۇلات قىلالمايدىغان ئوقۇغۇچىنى قابىلىيەتسىز ئوقۇغۇچى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۆگىنىش نەتىجىسى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى، ئۇسۇلى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى سىنايدىغان مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. پۇلىتسېرنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى كىشىلەرنى ئۇنىڭ گېزىتخانا ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسىتېت ئاچسىمۇ چوقۇم بۈيۈك مائارىپچى بولالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى.

پۇلىتسېر رالفنىڭ 1900 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەنلىكىگە خۇش بولدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆز كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئوغلىنى تەربىيىلەش ئىشىنى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئىقتىدارلىق مۇھەررىرى سېيتىسكە تاپشۇردى. ئۇ سېيتىسكە « رالف مېنىڭ ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن تەلەپنى بوش قويسىڭىز بولمايدۇ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈنلا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تەربىيىلىشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭغا ھەممىنى باشتىن ئۆگىتىڭ» دېدى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ.

پۇلىتسېر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يېتەرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتقاندا، ئۇ ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ ئىختىساسلىق خادىملارنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ۋىلىيامستىن «يېڭى نىشان بايقالدى» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئالىدۇ. بۇ يېڭى نىشان ياش مۇخبىر

فرانك كوب ئىدى.

كوب جاسارەتلىك، خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، قابىلىيەتلىك مۇخبىر ئىدى، ئۇ گېزىتچىلىك ساھەسىدە 10 نەچچە يىل ئىشلىگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئەگرى - توقايلارنى بېشىدىن كەچۇرگەن، باش ماقالە يېزىشنىڭ پىرى ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ماقالىسى يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئۇسلۇب بىلەن يۇغۇرۇلاتتى - دە، كىشىلەرگە يېڭىچە قاراش - تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. كۆزى مال تونۇيدىغان ۋىلىيامس مېھمانخانىدا ئارام ئالغاچ «ئەركىن ئاخبارات گېزىتى»نى ئوقۇيدۇ، گېزىتتىكى بىر باش ماقالە ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ماقالىنىڭ گۈزەل - نەپىس تىلى، توغرا تەھلىلى، چوڭقۇر قائىدە - داۋلىرى ۋىلىيامسنى ئىنتايىن قايىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كوبقا نەزىرى چۈشىدۇ - دە، ئاخىر ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ. كوبنىڭ پەيدا بولۇشى «دۇنيا گېزىتى» ئۈچۈن ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر بولدى، چۈنكى شۇ چاغدىكى «دۇنيا گېزىتى»دە ئۇنىڭغا ئوخشاش مول تەجرىبىگە ئىگە، كونا قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالمايدىغان يېڭى ئىدىيىدىكىلەر كەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلىتسېر گېزىتچىلىكنىڭ يۈرىكى دەپ قارايدىغان باش ماقالە گۈرۈپپىسىدىكىلەرنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. مېررېل قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ يېشى 60 تىن ئاشقانىدى، ئۇلار ھەممىشە تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، خوجايىنىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش قىلاتتى، بۇ ھال «دۇنيا گېزىتى»نىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈنسايىن سۇسلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مېررېل شۇ ۋەجىدىن ئىشتىن بوشىتىۋېتىلدى، رالف قاتارلىقلار ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، كوب بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، قەددى - قامەتلىك كوب پۇلىتسېرنىڭ ئىنچىكە - ئەتراپلىق سىناقلىرى بىلەن قاتتىق ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ بىناسىغا قەدەم باستى. ئۇزاق ۋاقىت دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن پۇلىتسېر بىرئاز قانائەت ھاسىل

قىلدى.

پۇلىتسېرنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان كۆڭلۈك ئىنتىلىشى پەرزەنتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللاشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلغاندا، يەنە مائارىپنى ئويلىدى. ئۇ كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر بىلەن يەنە ئالاقىلەشتى.

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇتەئەسسىپ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئاخبارات ئىنستىتۇتى تەسىس قىلمىغان ئەھۋالدا، بىز باش بولۇپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلساق مۇۋاپىق بولماس دېگەن قاراشقا كېلىشتى. شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مۇخبىر بىلەن سودىگەر ئوخشاش ئادەملەر ئىدى، ئۇلار ئۆز ئۇنىۋېرسىتېتىدا سودىگەر يېتىشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، بۇنىڭدىن باشقا «دۇنيا گېزىتى»نىڭ رادىكال دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك خاھىشى ئۇلارنى يۈرەكئالدى قىلىپ قويغانىدى، تېخى بەزىلەر زېرەك پۇلىتسېر مەبلەغ سېلىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئاخبارات ئىنستىتۇتىنى كونترول قىلىپ، ئاندىن كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەسىر كۆرسەتمەكچىمۇ قانداق دېگەنلەرنىمۇ تەھلىل قىلىشتى. ئۇلارمۇ شۇنداق قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىلىشىش ۋە تەھلىل قىلىشلار نەتىجىسىدە، پۇلىتسېرنىڭ ياخشى نىيىتىنى ئاخىر رەت قىلىشتى.

بۇ ئىش ئاددىيلا ئاياغلاشمىدى. مەقسىتىگە يەتمىگۈچە توختاپ قالماسلىق پۇلىتسېرنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئاخبارات ئىنستىتۇتى قۇرۇش ئارزۇسى قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى. پۇلىتسېر تولۇق داۋلى ـ ئاساسلار بىلەن مەكتەپتىكىلەرگە ئۆز مۇددىئاسىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردى ـــ ئاخبارات ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ «دۇنيا گېزىتى»مۇ ئۆز يوللىرىدا مېڭىۋېرىدۇ، بىر ـ

بىرىنىڭ ئىشلىرىغا چات كىرىۋالمايدۇ. «دۇنيا گېزىتى» مەكتەپنىڭ ھېچقانداق ئىشىغا ئارىلىشىۋالمايدۇ. ئىنستىتۇتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى پۈتۈنلەي كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ. پۇلىتسېرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى مەكتەپنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرىنى ئاخىر تەسىرلەندۈردى، ئۇلار پۇلىتسېرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئاخبارات ئىنستىتۇتىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي، ماھىيەتلىك مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغاندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. پۇلىتسېر كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلدى، شۇنداقلا ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرماسلىق مەسىلىسىدە تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بىر قارارغا كېلەلمىدى.

## 5. ئەسىر جېڭى

21 - ئەسىردە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى غەربكە قاراپ غالجىرلىق بىلەن كېڭىيىش بىلەنلا بولۇپ كەتكەچكە، لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىگە قارىغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. لېكىن، 21 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى خېلىلا كۈچەيدى، ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقى ئەمدىلا يېتىلىشىگە، ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى ئويلاپ كەلگەن لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىنى يالغۇز ئىگىلىۋېلىش قارا نىيىتى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئامېرىكىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا قوللانغان تاكتىكىسى بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي جەھەتتە تاجاۋۇز قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇ يەردىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش مەقسىتىگە يېتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ لاتىن ئامېرىكىسىغا بولغان كونتروللۇقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چەتكە قېقىشتىن

ئىبارەت بولىدى. ئامېرىكا تەدرىجىي ھالدا لاتىن ئامېرىكىسى خەلقلىرىنى ئېزىدىغان ئەڭ چوڭ زومىگەرگە ئايلانغان ھامان، پۇلىتسېر ۋە ئۇنىڭ «دۇنيا گېزىتى» بىلەن ئامېرىكا بۇرژۇئازىيىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ۋەكىلى ـــ تېئودور روزۋېلت زۇڭتۇڭ ئارىسىدا بىر مەيدان «ئەسىر جېڭى» پارتلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسى ئىنقىلابى كېلىپ چىقتى.

پۇلىتسېر بىلەن ئۆزىنى پەۋقۇلئاددە كىشى دەپ ھېسابلايدىغان «سىياسىي جەھەتتىكى خىسلەتلىك بالا» روزۋېلت 1884 ـ يىلىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ سايلام مەزگىلىدە تۇنجى قېتىم ئېلىشقان. ئەينى چاغدا، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان پۇلىتسېر ئۆز پارتىيىسىنىڭ نامزاتى كلېۋېلاند ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرگەندى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان روزۋېلت بولسا ئۆز پارتىيىسىنىڭ نامزاتى بلايىنغا قاتتىق زەربە بەرگەندى. لېكىن، بالايىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامزاتلىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، روزۋېلت ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا زۇڭتۇڭ سايلىمىدا بلايىن ئۈچۈن بېلەت تاشلىغانىدى. زۇڭتۇڭ سايلىمىدا دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى كلېۋېلاند غەلىبە قىلغانىدى. پۇلىتسېر روزۋېلتنىڭ بۇنداق پرىنسىپسىز ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن خاپا بولىدى، ئۇ «دۇنيا گېزىتى»دە بۇ «قوپال چەۋەنداز»نى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ، ئۇنى قىلچە مۇستەقىل پىكرى يوق، شامال قاياققا چىقسا شۇ ياققا ئاغىدىغان سىياسىي ئالدامچى، مەسئۇلىيەتسىز پارلامېنت ئەزاسى، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ قولچومىقى... دېدى.

25 يىلدىن كېيىن روزۋېلت ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولىدى، پۇلىتسېر گېزىت ساھەسىدىكى ماگناتقا ئايلاندى. بۇ ئىككى تەڭداشسىز باھادىر يەنە بىر قېتىم ئېلىشتى، بۇ قېتىمقى توقۇنۇش «پاناما قانىلى»نى قېزىش ئىشى تۈپەيلى كېلىپ چىقتى. ئامېرىكا لاتىن ئامېرىكىسىدا مەنپەئەتكە ئېرىشىشكە

ئۆزاقتىن بۇيان چىش بىلەپ كەلگەنىدى. روزۋېلت ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ: «تېخىمۇ زور ئۇتۇق قازىناي دېسەڭ، بۇ چىرايىڭدىن مۇلايىملىق كەتمەسلىكى، لېكىن جەزمەن بىر دانە كالتەك ئالغاچ بېرىشىڭ كېرەك» دېگەنىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ «كالتەك سىياسىتى» ئىدى. بۇنداق چىرايىدىن ساختا مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق كەتمەيدىغان، ئەمەلىيەتتە قورال كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىدىغان سىياسەتتىن پۈلتسېر ئىنتايىن نارازى ئىدى. ئۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دېموكراتىك، دېموكراتىيە ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان، دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ھۆكۈمەت ئىكەن، ئۇ ھالدا دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەمۇرىي رەھبىرى — زۇڭتۇڭغا بۇنداق چوڭ ھوقۇق بېرىلمەسلىكى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. روزۋېلت زۇڭتۇڭ بولسا: ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىق بولمىسا، شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ ھەقىقىي تۇردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئاچ - يالىڭاچ ۋە ئىشسىز قالغان كىشىلەر ئىستىبدات سىياسەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە بولۇپ قالىدۇ، دەپ جار سالدى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ئىستىبداتلىقنى ئاقلاش بىلەن نەيرەڭۋازلىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. تارىختىكى بارلىق فېئودال خان - پادىشاھلار بەھرىمەن بولغان ھوقۇقلار ھەم شۇنداق، ھازىرقى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى زۇڭتۇڭى ئۇلارنىڭكىدىنمۇ چوڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. پۈلتسېر ئۆزى قاق سەنەم بولۇپ كېتىشكە رازى ئىدىكى، بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى زادى خالىمايتتى.

روزۋېلت پۈلتسېر ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، لېكىن ئۇ ئەمەلىي كۈچى ئىنتايىن زور بولغان «دۇنيا گېزىتى»نى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋېلىشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ قەستەن ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، زىيارەتكە كەلگەن مۇخبىرلارغا: «پۈلتسېر ئەپەندى تۇغما چاقچاقچى، دەۋرىمىزنىڭ

ئېيتىشقا ۋە ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ماھىر ئىدى. گېزىتچىلىك ئىشلىرىدا ئۇنىڭ تەجرىبىسى مول بولۇپ، گېزىتنىڭ مەزمۇنى، تەھرىرلىك ئۇسلۇبى ۋە بېسىلىش شەكلى قاتارلىقلارغا ئائىت قاراشلىرى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»نى باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئىنتايىن ئۆزگىچە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. مەن بۇ گېزىتنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى، بىز ئۆز ئىشىمىزنىڭ ساختىپەزلىككە قارشى تۇرىدۇ، مەنمۇ شۇنداق. بۇ گېزىت ئۆزىنىڭ ئىزچىل پرىنسىپىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، مەن ھەم شۇنداق...» دېدى. پۇلىتسېر بولسا روزۋېلتنىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى.

چوڭ سايلام يېقىنلاشقاندا، «دۇنيا گېزىتى» پۇلىتسېرنىڭ باشچىلىقى ۋە ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ چىرىك سىياسىتى ۋە روزۋېلتنىڭ «كالتەك سىياسىتى»نى «گىلەم شەكىللىك»، «بومباردىمان» قىلدى. پۇلىتسېر مۇشۇ پەيتتىكى ئەڭ زور خەتەر ھەرىكەت قىلماسلىق، دەپ قارايتتى. لېكىن، ئۇ كۆڭلىدە سايلامنىڭ نەتىجىسىنى ئېنىق بىلەتتى، دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى بىلاينىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد يوق. ئەمدى دونى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ نامزاتى تافتقا تىكىش كېرەك ئىدى، بۇ ئادەمنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىز جايلىرى بولسىمۇ، لېكىن پۇلىتسېر ئۇنىڭ روزۋېلتنىڭ «تېررورلۇق سىياسىتى»دىن قول ئۈزۈشىنى ھەمدە ئۇ سىياسەتنى توغرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. تافتمۇ ئۆزىنىڭ «كالتەك سىياسىتى»نى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى «دوللار سىياسىتى»نى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىتىنى مۇنداق ئىزاھلىغانىدى: «ھازىرقى تاشقى سىياسىتىمىز چوقۇم سودا مۇناسىۋىتىدىكى يېقىنقى زامان ئۇقۇمىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. بۇ سىياسەتنىڭ ئالاھىدىلىكى 'دوللار'نى 'ئوق ـ دورا'نىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت.» مانا بۇ كىشىلەر ئېيتىپ كېلىۋاتقان «دوللار دىپلوماتىيىسى.»

ئامېرىكا ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۇچۇن ئېيتقاندا، «دوللار دىپلوماتىيىسى»، «كالتەك سىياسىتى» نىڭ راۋاجى ۋە تولۇقلىمىسى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى تەڭگە پۇلنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئوخشايتتى، لاتىن ئامېرىكىسى، شۇنىڭدەك قۇل قىلىنغان باشقا مۇستەملىكىلەر ئۇچۇن ئالغاندا، بۇ شەكىلنىلا ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىگەندەك ئىش ئىدى.

كۆزى كۆرمەيدىغان پۇلتىسبىرنىڭ كۆڭۈل كۆزى ساق كىشىلەردىنمۇ روشەن ئىدى. 2 ـ ئۆكتەبىر خۇددى ئۇ ئالدىنئالا پەرەز قىلغىنىدەك تافت بالاينغا چۈشكەن بېلەتتىن 120 ئارتۇق سايلام بېلىتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ 27 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولدى. ئادەم ئۆز ھاياتىدا، بەزىدە باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۆزىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، تەلپۈنگەن غايىسى ئۈچۈن غەم يەيدۇ، ياشاۋاتقان ئانا ماكانى ئۈچۈن غەم يەيدۇ. پۇلتىسبىر دېڭىزدا قولۋاق سەيلىسى قىلدى، قولۋاق ئۆركەشلەپ تۇرغان دولقۇنلار ئۈستىدە چايقىلاتتى. پۇلتىسبىرنىڭ كۆڭلى قولۋاق ئاستىدىكى دولقۇنغا قارىغاندا خېلى كۆپ تىنچ ئىدى. لېكىن، ئۇ غايەت زور بىر قارا تورنىڭ ئۆزىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، تور تاشلىغان كىشىنىڭ دەل ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا تۆت ئايلا ۋاقىت قالغان زۇڭتۇڭ تېئودور روزۋېلت ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

ۋەقەنىڭ بېشى 1899 ـ يىلىدىن باشلانغانىدى. فېردىناند باشچىلىقىدىكى بىر فرانسىيە شىركىتى مەبلەغ توپلاپ، تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيانىنى تۇتاشتۇرىدىغان پاناما قانىلىنى قېزىشقا تەييارلىق قىلدى، لېكىن بۇ ئىشتا ئانچە چوڭ ئىلگىرىلەش بولمىدى، بۇ شىركەت باشقۇرۇشنىڭ قالايمىقان بولغانلىقى تۈپەيلى ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋېنلىرا ئاتلىق بىر فرانسىيىلىك ئىنژېنېر پاناما قانىلىنى قېزىش خىيالىدا بولدى، ئۇنىڭ يېڭى پاناما قانىلى

شىركىتى فېردىناندنىڭ بارلىق هوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېتەرلىك مەبلەغ يىغالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قانال قېزىش هوقۇقىنى ئامېرىكىغا سېتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. پۈتۈن ئەس ـ يادى كېڭەيمىچىلىككە قارىغان ئامېرىكا ئاللىبۇرۇنلا قانال قېزىش كويىدا بولغانىدى، شۇڭلاشقا ئامېرىكىلىقلار قانال نىكاراگۇئادا قېزىلسا تېخىمۇ مۇۋاپىقراق بولىدۇ، دەپ قارايتتى. بۇنداق ئوي بىر كىشىنى بىئارام قىلدى، بۇ كىشى نيۇيورك سارۋىن ـ كلونۋېر شىركىتىنىڭ ئادۋوكاتى كلونۋېر ئىدى. ئۇ ۋېنىلېرانىڭ هەرىكىتىنى ئىزچىل قوللاپ، قانالنى پاناما قېزىشنى ئۈمىد قىلاتتى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن راۋانلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىدى. ئەگەر قانال نىكاراگۇئادا قېزىلسا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە «پاناما قانىلى ئاتىسى» بولۇش خىيالى كۆپۈككە ئايلىناتتى. كېلىشكەن ۋە قابىلىيەتلىك، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان كلونۋېر دائىم پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇ ئانچە كۆپ بولمىغان چاغدا، دېگەن بىر جۈملە سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچىپ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بەردى (بۇ دەل پۇلىتسېر دىققەت قىلغان پۇلنىڭ ئۆزى ئىدى)، شۇنىڭدىن كېيىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى پاناما قانال قېزىشقا روشەن هالدا مايىل بولدى.

1910 ـ يىلى دېكابىردا پاناما قانىلى كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ياخشى تاللاش يەنىلا قانالنى نىكاراگۇئادا قېزىش ئىمكانىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ كومىتېتنىڭ ئاساسلىق دەلىلى پانامادا قانال قېزىلسا ۋېنىلېرانىڭ فرانسىيە شىركىتىگە 105 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققى تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقى، بۇنداق كۆپ پۇلنىڭ نىكاراگۇئادا قانال قېزىشقا كېتىدىغان بارلىق خىراجەتتىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا،

نىكاراگۇئادا قانال قېزىش تېخىمۇ مۇۋاپىقراق ئىدى. پەقەت فرانسىيە شىركىتىگە بېرىلىدىغان ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىنى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈرگەندىلا، پانامادا قانال قېزىش پىلانىنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە بولاتتى. ئالدىراڭغۇ مىجەزلىك ۋېنىلىرا ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىنى ھاپىلا ـ شاپىلا 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈردى، لېكىن ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى 1902 ـ يىلى نىكاراگۇئادا قانال قېزىش لايىھىسىنى ماقۇللاپ بولغانىدى. مۇبادا بۇ ئىش قايتا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلسە، ئۇ چاغدا كلونۋېرنىڭ تىرىشچانلىقى پۈتۈنلەي يوققا چىقاتتى.

ۋېنىلىرا بىلەن كلونۋېر ئىككىسىنىڭ ئارزۇسى خۇددى ھاياتلىق دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن بىر دانە سوغۇق يىلانغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئەمدى بۇ يىلان كۈچلۈك يالقۇنىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار قاتتىق باش قاتۇرۇپ، مەغلۇبىيەتلىك ۋەزىيەتنى ئوڭشاش قارارىغا كەلدى، ئۇلار قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن، بىر دانە ئىنتايىن كىچىك پوچتا ماركىسى ئۇلارنىڭ ئۈمىد يولىنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى. بۇ، نىكاراگۇئا تارقاتقان پوچتا ماركىسى بولۇپ، پوچتا ماركىسىنىڭ ئۈستىگە يانار تاغ پارتلىغاندا ماگمىلارنىڭ ئېگىزگە ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى نەپىس قىلىپ چۈشۈرۈلگەنىدى.

ــ «يانار تاغ! ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار، ئۇ يەردە يانار تاغ بار ئەمەسمۇ.» ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن تەنتەنىلىك ھالدا: نىكاراگۇئا رايونى ھەرىكەتتىكى يانار تاغلار كۆپ پارتلاپ تۇرىدىغان رايون، غايەت زور مەبلەغ كېتىدىغان قانال بۇ رايوندا قېزىلسا، ئېتىلىپ چىقىدىغان ماگمىلار قانالنى ۋەيران قىلىۋېتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، ئۇ چاغدا مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قان ـ تەرى بىكارغا تۆكۈلگەن بولىدۇ، سان

ساناقسىز پۇل ھەيۋەتلىك يانار تاغ ماگمىلىرى تەرىپىدىن كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىدۇ، دەپ جاكارلىدى. «بەندىنىڭ غېمىنى خۇدا يەيدۇ» دېگەن سۆز يالغان ئەمەس ئىكەن. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئاخىرقى ئاۋازغا قويۇش پەيتى يېتىپ كېلەي دېگەندە، نىكاراگۇئادىكى مودوبو يانار تېغى پارتلىدى. بۇنىڭدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ۋېنلىرا يانار تاغ پارتلاش مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن پوچتا ماركىلىرىنى كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىگە بەردى ھەمدە يانار تاغنىڭ قۇدرىتى، ماگمىلارنىڭ هارارىتىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى كارغا كەلدى، كېڭەش، ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى ئىنچىكە ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىر پاناما قانال قېزىش قارارىنى چىقاردى ھەمدە يېڭىدىن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان زۇڭتۇڭ روزۋېلتقا ۋېنلىرا شىركىتىنىڭ قولىدىن قانال قېزىشنىڭ تولۇق ھوقۇقلىرىنى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋېلىشقا ھوقۇق بەردى.

ئامېرىكا تەرەپ قارار چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن قانالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ـــ كولۇمبىيە رۇخسەت بەرمەي تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا قىستاش ۋە قىزىقتۇرۇش ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، كولۇمبىيىنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق شىركىتىنى مەجبۇرلاپ، 1903 ـ يىلى 22 ـ يانۋار بۇ شىركەت بىلەن پاناما قانىلى قېزىش شەرتنامىسى ئىمزالىدى. لېكىن، كولۇمبىيە خەلقىنىڭ قارشىلىق ساداسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى، كىشىلەر ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتىدىن ۋېنلىرا شىركىتىدىن 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىۋېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ ھەرقانداق ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كلونۋېر بىلەن ۋېنلىرانى قوللايدىغان ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت بۇنىڭغا قارىتا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ پاناما قانىلى قېزىلىدىغان جاينى ئامېرىكىنىڭ بىۋاستە

ئىگىلىشىنى كەسكىن قارار قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ قارارى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتمىدى. شۇنداقتىمۇ ۋېنلىرا يەنىلا ئامال تاپتى، ئۇ ئۆزىگە مايىل بولغان پاناما ئۆلكىسىنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى پاناماغا بېرىپ بىر مەيدان «ئىنقىلاب» قوزغىدى. 1903 ـ يىلى پاناما مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ بىر سائەت بولار ـ بولمايلا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ يېڭى ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلدى. غەلىبە مېۋىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يەنە پانامادا كۆپلەپ ئۇرۇش پاراخوتى تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا، فرانسىيە پۇقراسى ۋېنلىرا بىر دومىلاپلا پانامانىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولۇۋالدى، كلونتۆير بۇ يېڭى جۇمھۇرىيەتنىڭ باش ئادۋوكاتى بولدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ۋېنلىرا پاناما ئەلچىسى سالاھىيىتىدە ئامېرىكا بىلەن تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئىمزالىدى. شەرتنامىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پاناما ھۆكۈمىتىگە 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىش، ئۇنىڭ شەخسىي شىركىتى بولغان يېڭى قانال شىركىتىگە 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىش، شۇنداقلا پاناما ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى قانال شىركىتىدىن ھەرقانداق تۆلەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق بەلگىلەندى. بۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ پاناما ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېتىبارسىز قارايدىغانلىقىنى، ئەمما بەزى كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭدىن كىملەر نەپ ئالدى؟ بۇ ئىش مۇشۇنداق تىپتىنچ ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ پۇل ۋە ھوقۇققا تايىنىپ، ھۆكۈمەت بىلەن شەخس خالىغىنىنى قىلسا بولامدۇ؟ بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟

ئەزەلدىن ئۆزىنى ئاۋام ئۈچۈن گەپ قىلغۇچى دەپ ھېسابلايدىغان «دۇنيا گېزىتى» نېمە ئۈچۈن زۇۋان سۈرمەيدۇ؟

ھەمىشە ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى پاش قىلىشنى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ بىلىدىغان پۇلىتسېر نەگە كەتكەندۇ؟ بۇ كۈنلەردە پۇتۇنلەي ھالىدىن كەتكەن پۇلىتسېر ياۋروپادا تۇرۇپ بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا قاتتىق دىققەت قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ كلونۇبېرنى مەخپىي تەكشۈردى. بۇ چاغدا پۇتكۈل جەمئىيەت پاناما قانىلى ۋەقەسىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى، لېكىن «دۇنيا گېزىتى» يەنىلا ۋېنىلىرانىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

1908 ـ يىلى بۇ ئىش بارا ـ بارا ئايدىڭلاشتى. خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەمدەن دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان كلونۇبېر بىلەن ئاشۇ قېتىمقى «ئىنقىلاب» ئۇچۇن كۈچ چىقارغان ئادەملەر ئارىسىدا ھارام مالنى تەقسىملەشتە ئادالەتسىزلىك كۆرۈلۈپ كەسكىن زىددىيەت كېلىپ چىقتى. پوزىتسىيىسى قاتتىق پانامالىقلار كلونۇبېرنىڭ قولىدىن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلدى. جۇمھۇرىيەتنىڭ باش ئادۋوكاتى بولغان كلونۇبېر بۇنى بىر خىل ئورۇنسىز مۇتتەھەملىك بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىق دەپ قاراپ، «دۇنيا گېزىتى»دە سۆز ـ ئىبارىلىرى قاتتىق بولغان بايانات ئېلان قىلىپ، پانامالىقلارنىڭ ئەيىبلىشىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى. بۇ ماقالە خۇددى تىپتىنچ تۇرغان كۆلگە تاشلانغان بىر پارچە يوغان تاشتەك چوڭ دولقۇن قوزغىدى.

بۇ چاغدا 1908 ـ يىللىق چوڭ سايلام باشلانغانىدى. «دۇنيا گېزىتى» پۇلىتسېرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە قارىتا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى، پاناما قانىلى سودىسىغا دائىر ماقالىلەر ئامما دىققەت قىلىدىغان قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى.

ئەينى چاغدا يەنە بىر چوڭراق گېزىت «ئىندىئانا پورس خەۋەرلەر گېزىتى»، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئالاقىدار خەۋەرلىرىنى كۆچۈرۈپ باستى. چوڭ سايلام يېقىنلاشقاندا، بۇ گېزىتنىڭ

ھەقىقىي خوجايىنى — جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ يەنە بىر نامزاتى روزۋېلتنىڭ ئۆز قولى بىلەن يۆلەپ تۇرغۇزغان نامزاتى تافتنىڭ تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن ئىنتايىن نارازى بولدى، ئۆزىنىڭ سايلىنىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلگەن بۇ ئادەم غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ گېزىتىدە پاناما قانىلى ۋەقەسىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان باش ماقالە ئېلان قىلدى، بۇ ماقالىدە روزۋېلت ۋە تافتقا دەل جايىدا مۇنداق سوئال قويۇلغانىدى: «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پاناما قانىلىنى سېتىۋېلىشقا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى خەجلىگەن، لېكىن بۇ پۇل قانداق ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى؟ زۇڭتۇڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى تافت، خەلق بۇ ئىشنى بىلمەسلىكى كېرەك دەپ قارايدۇ، زۇڭتۇڭ ۋە نامزاتنىڭ يېقىنلىرى بۇ سودىغا قاتناشتى، لېكىن ئۇلار قەتئىي ئىنكار قىلىشۋاتىدۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بەلكىم چوڭ سايلام ئاياغلاشقاندا، ئاندىن خەلق ئاممىسى بىلەلىشى مۇمكىن».

«دۇنيا گېزىتى» كۈچلۈك رەقىب ئالدىدا چېكىنمىدى، باش ماقالە خۇددى ئۆتكۈر خەنجەردەك بۇ سەتچىلىككە سانجىلدى. ئۇلار روزۋېلتنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلغان جاۋابىدىن يوچۇق تېپىپ، زۇڭتۇڭنىڭ يالغانچىلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ھەمدە ئامېرىكا قانال قېزىش ھوقۇقىنى سېتىۋېلىشقا تۆلىگەن 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرى فرانسىيە ھۆكۈمىتىگە بېرىلگىنى يوق، بەلكى ئامېرىكىلىق كلونۇېر، مورگان قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى سۈپېرسى قۇرۇق شىركەتكە بېرىلدى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پاناما ھۆكۈمىتىگە تۆلىگەن 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى كلونۇېر قاتارلىق كىشىلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتتى، دەپ كۆرسەتتى. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان «دۇنيا گېزىتى» ئاخبارات ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ روزۋېلت زۇڭتۇڭغا رەسمىي جەڭ ئېلان قىلدى. شەخس بىلەن ھۆكۈمەت، ئادەتتىكى

پۇقرا بىلەن ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئارىسىدىكى كۈچ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغان بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ باشلاندى. بۇ ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش، بىر پارچە گېزىت بىلەن چىرىكلىك ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش، ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە يۈز بەرگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مەنزىرە ئىدى.

روزۋېلت پۇلىتسېر ۋە «دۇنيا گېزىتى»گە ئۆزاقتىن بېرى غوم ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، شۇغىنىسى ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى تاپالماي يۈرەتتى، سەۋر ـ تاقەتلا ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئاساسى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان سەۋر قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ چەۋەنداز بۇ قېتىم روھلىنىپ كەتتى. «ئاھ پۇلىتسېر، پۇلىتسېر، سېنىڭ ئەجىلىڭ ئەمدى توشتى».

روزۋېلت زۇڭتۇڭ ئادۋوكات ستىمسوندىن «بوھتان چاپلاش جىنايىتى»گە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماددىلىرىنى توپلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «بوھتان چاپلاش جىنايىتى» دېگەن بەتنام بىلەن شتاتلىق تەپتىش ئەمەلدارى خېرومنىڭ پۇلىتسېرغا قارىتا ئەيىبنامە سۇنۇشىنى تەكلىپ قىلدى، چۈنكى پۇلىتسېر بۇ بىر قاتار خەۋەرلەرنى پىلانلاشنىڭ باش ئارقا تىرىكى ئىدى. 1908 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر روزۋېلت يەنە بىر دانە قول بومبىسى تاشلىدى ـــ ئۇ بوھتان چاپلاش جىنايىتىگە دائىر دوكلات خېتىنى دۆلەت مەجلىسىگە رەسمىي تاپشۇردى. بۇ دوكلات خېتىدە: ھەقىقىي باش جىنايەتچى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ خوجايىنى ۋە قوشۇمچە باش مۇھەررىرى پۇلىتسېر. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى قانداق شەكىلدە تەكشۈرۈشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق، بۇ خەۋەرلەر ئامېرىكا پۇقراسى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە بوھتان چاپلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئادەم ئورۇنسىز مۇتتەھەملىك قىلىۋاتىدۇ، غەرىزى يامان... بىز بوھتان چاپلىغۇچىلارنى قانۇن بويىچە تىزگىنلىشىمىز كېرەك... دەپ كۆرسىتىلگەنىدى.

ناھايىتى روشەنكى، روزۋېلت ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ پۇلتسېرنى تۈرمىگە سولىماقچىدى. ئەمدىلا نيۇ ـ يوركقا قايتقان پۇلتسېرنىڭ تۇنجى ئىشى ۋانھامنى چاقىرتىش بولدى، ئۇ بۇ خەۋەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىۋىدى، ۋانھام، روزۋېلت زۇكتۇڭ ۋە قانال سودىسىنى ئەيىبلەشتە ھېچقانداق ئىشەنچلىك پاكىتنىڭ يوقلۇقىنى ئىقرار قىلدى. بۇنى ئاڭلاپ پۇلتسېر ئارامسىزلىنىپ، قوشۇمىسىنى تۈردى. چۈنكى، ئۇ بۇ قېتىمقى توقۇنۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. دەلىلسىز ئادەم سوتتا خۇددى گاچىغا ئوخشاش ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالاتتى، ئۇ شۇ تاپتا مۇشۇنداق پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى.

پۇلتسېر كاتىپلاردىن روزۋېلتنىڭ دوكلات خېتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىشقا باشلىدى، ئۇ جىمى ئەھۋالنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، «دۇنيا گېزىتى» گەرچە بىرئاز يەڭگىلتەكلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پاناما قانىلى ۋەقەسىدە بۇ گېزىتنىڭ توغرا ئىش قىلغانلىقىنى، روزۋېلت زۇكتۇڭنىڭ راست گەپ قىلمىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ مۇشۇنداق پەيتتە چېكىنىشنىڭ نومۇس ئىش بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئەجەللىك ئاپەت ئەكېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئەتىسى سەھەردە پۇلتسېر كېچىچە يېزىپ چىققان باش ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«روزۋېلت ئەپەندى خاتالاشتى، ئۇ (دۇنيا گېزىتى)نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالمايدۇ.

مەيلى روزۋېلت زۇكتۇڭ قەبىھ تىللار ئارقىلىق بىزگە زەھەر چاچسۇن ياكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ قورقۇتۇشقا ئۇرۇنسۇن، بۇلار بىزنىڭ ئېھتىياتچان ۋە ئادىل بولۇشتەك پوزىتسىيىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىز ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىن پاناما سودىسىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى ھەمدە ئۇنى جامائەتچىلىككە ئېلان

قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز... بۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتىمىزنىڭ خوجايىنى تۇرمىگە كىرسىمۇ ئارتۇق ـ ئوشۇق گېپىمىز يوق، ‹دۇنيا گېزىتى› هامان ئادىل ۋە هېچنېمىدىن قورقمايدىغان، گەپ ـ سۆزى ئەركىن جەڭچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ...

بۇ گېزىتنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش مۇمكىن ئەمەس !»

ئاممىنىڭ كۆزى ئوچۇق، جامائەت پىكرى بارغانسېرى پۇلىتسېرغا پايدىلىق بولۇش تەرىپىگە يۈزلەندى. لېكىن، قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ هەرىكىتىدە نامۇۋاپىق تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى، ۋەزىيەت ئىنتايىن خەۋپلىك چاغدا، پۇلىتسېر هەتتا كۆز بوياپ قۇتۇلۇش تاكتىكىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن «دۇنيا گېزىتى»دىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئويىدىمۇ بولدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن فرانك كوبىتىن يۈز ئۆرۈمەكچى هەمدە بۇ ئامراق ياردەمچىسىنى هەيدىۋەتمەكچى بولدى.

ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، كىشىلەر نەزىرىنى بىردەك شتاتلىق تەپتىش ئەمەلدارى جېرومغا مەركەزلەشتۈردى. بۇ ئادەم ئىلگىرى «دۇنيا گېزىتى»دە قاتتىق تەنقىد قىلىنغان، قاتتىق سۆزلەر ئارقىلىق ئۇ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلمايدۇ، بايلارغا يول قويۇپ يان باسىدۇ، نامراتلارغا قىلچە رەهىم قىلمايدۇ، دەپ ئەيىبلەنگەن، بۇنىڭدىن باشقا بۇ گېزىتكە يەنە جېروم خىزمەت ۋاقتىدا ئىشخانىسىدا ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتقان كۆرۈنۈشى تارتىلغان سۈرىتىمۇ بېسىلغانىدى. ئوقۇرمەنلەر «دۇنيا گېزىتى»دىن بۇ قانۇن جارچىسىنىڭ ئوبرازىنى ئېنىق كۆرۈۋالدى: سۈرەتتە ئۇ كەڭ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلەنگەن بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تولغان يوغان كاللىسى مەيدىسىگە ساڭگىلىغان، يوغان پۇتلىرى ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە ئېلىنغان، قېلىن قانۇن لۇغىتى بۇ يوغان پۇتلار ئالدىدا كۈچ ـ قۇدرىتىنى تامامەن يوقاتقاندەك كۆرۈنەتتى. جېروم ئۆزىنىڭ مۇبارەك قىياپىتى

چۈشۈرۈلگەن بۇ سۈرەتنى گېزىتتىن كۆرۈپ، بىرمەھەل ياۋايى ھايۋاننىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازدا ھۆركىرەشكە باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا قورقۇنچلۇق يەتتە پۇلىتسېر ۋە ئۇنىڭ «دۇنيا گېزىتى»نى چاپىناپ پارچىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزۋېلتنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن نەپرەتلەندى. مۇشۇنداق ئىچى قارىلىق ۋە قاتمۇقات زىددىيەتلىك كەيپىياتتا، ئۇ تاغدا ئولتۇرۇپ يولۋاسنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنى چىشلىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولدى. لېكىن پۇلىتسېرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر جېرومنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟

«دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئادەتتىكى مۇخبىرى ئۇزۇن كېيىن ئاچقۇچلۇق پەيتتە رولىنى جارى قىلدۇردى، ئۇ شتاتلىق تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ غەرىزىنى تېگى تەكتىدىن ئەۋەتىلدى. ئىنتايىن زېرەك ۋە جاسارەتلىك بولغان ئۇزۇن ماشىنا بېلىتىگە 10 سىنت خەجلەپلا مۇھىم ئاخباراتقا ئېرىشتى. ئەسلى ئۇ جېروم بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقان ھەمدە مەقسىتىنى ئېنىق ئېيتقانىدى. تەپتىش ئەمەلدارى بىرمۇنچە غودۇڭشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن جاۋاب بەردى. يەنى پۇلىتسېرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئويى يوقلۇقىنى ئېيتتى. پۇلىتسېر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەلكىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك يەڭگىللىك ھېس قىلدى. بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇزۇن كېيىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلدى.

روزۋېلتنىڭ بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ 1909 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال كولۇمبىيىنىڭ زاسېداتېللار ئۆمىكىنى پۇلىتسېر ۋە «دۇنيا گېزىتى»نى بوھتان چاپلاش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ ئەرز قىلىشقا كۈشكۈرتتى. زوڭتۇڭنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پۇلىتسېر نىكىر ئىسىملىك بىر ئادۋوكاتنى

ئاقىلغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، بۇ جەھەتتە غەلىبە قىلىشقا باغلىدى.

جىددىي كەيپىيات قاپلىغان سوتتا، دەلىل - ئىسپاتلار ئىنتايىن قىزىقارلىق بولدى. سوراققا مەسئۇل بولغان نيۇيورك چوڭ زاسېداتېللار ئۈمىكى ئېرىشكەن «دەلىل» پۇلىتسېر يېقىنقى 20 يىلدىن بېرى گېزىتخانىغا ئاران ئىككى - ئۈچ قېتىملا باردى دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار بۇنىڭغا ئىشەنمىدى، لېكىن پاكىت ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. 1909 - يىلى 5 - مارت روزۋېلت ۋەزىپىسىدىن چېكىندى، لېكىن «دۇنيا گېزىتى» ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش توختاپ قالمىدى. بۇ چاغدا پۇلىتسېرنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئاكتىپ رول ئوينىمىدى. لېكىن، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ دەلىل - ئىسپات تېپىش خىزمىتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ دېلودا ئىلگىرىلەش بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئارقىغا سۈرۈلدى.

پۇلىتسېر 1909 - يىلى بىر يىلنى دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز ئۈستىدىكى كېمىدە ئۆتكۈزدى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ «دۇنيا گېزىتى»گە بولغان كونتروللۇقىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمىدى. «دۇنيا گېزىتى»نىڭ تىرازىنىڭ 400 مىڭ نۇسخىغا يەتكەنلىكىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، ئۇ بارلىق خىزمەتچى خادىملارغا بىر ھەيتلىك مائاشنى قوشۇپ بەردى ھەمدە «دۇنيا گېزىتى»نىڭ خادىملىرىنى تەڭشىدى. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئىپادىسى ياخشى بولمىغان فانھام قاتارلىق كىشىلەرنى ئىشتىن بوشاتتى، فرانك كوب قاتتىق تەنقىدلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پۇلىتسېر «دۇنيا گېزىتى»نىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان مۇنەۋۋەر خىزمەتچىسى سمونى فرانك كوب بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكتە تىرىشىشى ھەمدە بىر - بىرىنى نازارەت قىلىش مەقسىتىگە يەتتى.

كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇنداق ئىككى ئىشتىن پالاكەت ياغىدۇ:

بىرى، كۆرەڭلىك، يەنە بىرى ئۈمىدسىزلىك. پۇلىتسېر مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا كۆرەڭلەپ كەتمەيدۇ، ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدۇ. خېستېر پۇلىتسېرنىڭ بەزى ئۇسۇللىرىنى دورىيالىغىنى بىلەن ئۇنىڭ روھىنى دورىيالمىدى.

1910 - يىلى 27 - يانۋاردا نيۇيورك باش سوتچىسى لېف ئۇزاق مەزگىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ «دۇنيا گېزىتى» ۋە پۇلىتسېرغا قىلغان شىكايىتىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ دەۋادا، پۇلىتسېر ئاخىر ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىكىدىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇ ھەرگىزمۇ پۇلىتسېردىن ئىبارەت بىرلا كىشىنىڭ غەلىبىسى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئاخبارات ساھەسىنىڭ غەلىبىسى ئىدى. چۈنكى، پۇلىتسېر ئاللىبۇرۇنلا بۇ «ئەسىر جېڭى»نى پۈتكۈل ئاخبارات ساھەسىنىڭ نوقۇل ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ تالان - تاراج قىلىش سىياسىتىنى پاش قىلىشى بولماستىن، نەشىر ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى دەپ قارىغانىدى. پۇلىتسېرنىڭ بايلىقى ۋە قابىلىيىتىگە تايىنىپ بۇ دەۋادا ئۇتۇپ چىقىشى، ھۆكۈمەتنىڭ دەسلەپكى كېسىمىنىڭ قىلچە ئاساسى يوقلۇقىنى چۈشەندۈردى. ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولغان بولسا، ئۇ چاغدا گېزىت ساھەسى ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپلا قالماي، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ غالجىرانە ئۆچ ئېلىشىغا دۇچار بولغان بولاتتى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى غەلىبە مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەقە بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بۇ جەسۇر باتۇرغا ئالقىش ياڭراتتى.

پۇلىتسېر بۇ جەڭدە مىسلىسىز غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەرياندا ئۇنىڭ سالامەتلىكى بارا - بارا ناچارلىشىپ كەتتى. ئىنىسى ئالبېرتنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەجەل ۋەھىمىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ۋەسىيەتنامىسىنى قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ، «دۇنيا

گېزىتى»نىڭ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولدى. ئارقىدىنلا پۇلىتسېر «دۇنيا گېزىتى»نىڭ جاۋابكار باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزاتنى تاللاشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، چارلىز لىنكولننى جاۋابكار باش مۇھەررىرلىككە تەيىنلىدى. قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئىككىلىنىپ قالغان پۇلىتسېر لىنكولننى ئۆز كېمىسىگە چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر يەكۈنلەپ چىققان گېزىت چىقىرىش دەستۇرىنى ئېيتىپ ئىچۈردى، ئۇ مۇنداق دېدى: بىرىنچى، گېزىت ئىجادكارلىق ۋە جەلپكارلىققا باي بولۇشى، شۇنىڭدەك ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولۇش خاراكتېرىنى ھازىرلىشى كېرەك؛ ئىككىنچى، گېزىت جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇشى، جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇ تەرەپلەرنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلىشى، شۇنداقلا ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بىر پارچە ئۆزگىچە خەۋەر بېرىشى، ھەربىر ساندا پارتلاش خاراكتېرلىك خەۋەرلەر بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، گېزىت ئاز ساندىكى ئىمتىيازلىق سىنىپ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى جامائەتچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. گېزىت چىقىرىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەنسەن، ئۇ ھالدا گېزىتنى ھەم پاساھەتلىك، ھەم ئاممىباب چىقىرىش كېرەك. بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ نەسىھىتى، كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ يۈرەك سۆزى، يولباشچىلارنىڭ ئۆمۈر بويى ئاققۇزغان يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى.

ۋەزىپىسىدىن چېكىنگەن، دەۋادا ئۇتتۇرۇپ قويغان روزۋېلت ئافرىقىدا بەخىرامان ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەتتى، لېكىن پۇلىتسېر ھەر خىل ئالامەتلەردىن ئۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش ئويىدا بولۇۋاتىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوبقا تېلېگرامما يوللاپ، «دۇنيا گېزىتى»دە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى ۋىلسوننى قوللاشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «دۇنيا گېزىتى»

دېموكراتلار پارتىيىسىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىقىنى ساقلىشى، يەنى «دۇنيا گېزىتى» زۇڭتۇڭدىنمۇ كۈچلۈك بولۇشى كېرەكلىكىنى، زۇڭتۇڭ ئاخىر ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى، لېكىن «دۇنيا گېزىتى»نىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىۋېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. دەرۋەقە، «دۇنيا گېزىتى»نىڭ قوللىشى ئاستىدا دېموكراتلار پارتىيىسى شتات باشلىقلىقى سايلىمىدا غەلىبە قىلدى، بۇ قېتىمقى غەلىبە 1912 ـ يىللىق زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ۋېلسوننىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى پۇلىتسېرنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇردى، ئۇ پۇرسەتنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى، پۇرسەتنى تۇتمىغاندا، كېيىن پۇشايمانغا قالىدىغانلىقى؛ توختاپ قېلىشنىڭ ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقى، رىقابەتلەشكەندىلا، ئاندىن ئۈمىد تۇغۇلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. ئۇ تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن ۋېلسوننىڭ كېيىنكى قەدەمدە زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتىگە قاتنىشىش لايىھىسى تۈزۈشىنى پىلانلىدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. ئۇ بۇ قېتىمقى سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىشنىڭ ئۇ قاتناشقان سانسىزلىغان سايلام رىقابىتى پائالىيەتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

## 6. مۇقەددەس ئوتنىڭ ئۆچۈشى

يامغۇر توختاپ ھاۋا ئەمدىلا ئېچىلغان بىر كۈنى، چۈشتىن كېيىن، ئىللىق ۋە نەم سەلكىن شامال چىقىۋاتاتتى، قۇياش نۇرى ئاستىدا، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گۈل ۋە دەل ـ دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن كىشىنى مەست قىلغۇدەك خۇشبۇي پۇراقلار كېلەتتى. پۇلىتسېرنىڭ كاتىپى ئەتراپتىكى مەنزىرىدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن ئۇنى كېمە پالۇبىسىغا ئاچىقتى. پۇلىتسېر كۆزلىرىنى كۈچەپ ئېچىپ بىردەم قارىغاندىن كېيىن،

كاتىپىغا: «مەن كۆرەلمەيمەن، قەدىرلىك بالام، مەن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمەن» دېدى.

ياشىنىپ قالغان پۇلىتسېر بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ئادەم ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ كېتەتتى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئېغىر چىلىقلىرى، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىزنالىرى ئۇنىڭ يۈزىدە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى دەقىقە ئىچىدە كۆر مىڭ قېتىم ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپلا روھلىنىپ كەتسە، تۇرۇپلا غەمكىنلىشىپ قالاتتى، تۇرۇپلا مېھرىبان ۋە مۇلايىملىشىپ كەتسە، تۇرۇپلا رەھىمسىز ۋە زالىم كۆرۈنەتتى. ئىجتىمائىي كۈرەش ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەر پۇلىتسېرنىڭ پسىخىكىلىق ھالەت ئۆزگىرىشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇ دائىم چەكسىز بىر يالغۇزلۇق ئىچىدە ياشايتتى، ئۇنىڭ ئەقلىي كۈچى تولۇق، روھى تېتىك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ۋە نېرۋىسى بۇنداق يۈكنى كۆتۈرۈشكە ناھايىتى ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىك، مېھرىبانلىق بىلەن رەھىمسىزلىك تۇيغۇلىرى ھەمىشە گىرەلىشىپ كېتەتتى، بۇنداق ئىچكى كۈرەش ھەمىشە ئۇنى ئىنتايىن بىئارام قىلاتتى. پانىي دۇنيادىكى ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ، قايغۇ ــ ھەسرەتلەردىن نېرى تۇرۇش ئۈچۈن پۇلىتسېر ئۆزىگە «ئەركىنلىك» ناملىق بىر سەيلە كېمىسى ياساتتى. بۇ سەيلە كېمىسىنىڭ نامى پۇلىتسېرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىنتىلىشىنى ھەمدە شۇ يىلى ئەركىنلىك ئىلاھەسى ھەيكىلىنى قاتۇرۇشقا پۇل ئىئانە قىلىش چاقىرىقىنىڭ غەلىبە خاتىرىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. پۇلىتسېرنىڭ كېسەل ئازابىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، كاتىپ ۋە پەرزەنتلىرى جىمى ئاماللارنى قىلىپ باقتى، دۇنيادىكى مەشھۇر دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ داۋالاتقانلىقىنى دېمەيلا قويايلى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقان بۇ «پادىشاھ» قا پسىخىك جەھەتتىنمۇ تەسەللى بەردى. پۇلىتسېرنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى قاندۇرۇش

ئۇچۇن خوتۇن ـ باللىرى ئۇنىڭغا خەت يازغاندا، ھەممىشە بىرمۇنچە مەدھىيە، ھۆرمەت سۆزلىرىنى قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى. پولتىسېر خۇددى يارىلانغان بالىدەك، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەسسىلەپ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشەتتى. بۇ غېرىبلىق ئىچىدىكى پولتىسېرنىڭ ئېھتىياجى ئىدى.

دېموكراتىيە، ئەركىنلىكنى جېنىدەك كۆرىدىغان بۇ غەلىتە ئادەم «ئەركىنلىك» ناملىق سەيلە كېمىسى ئۈستىدە مۇتلەق «ئەركىنلىك»كە ئېرىشتى. پولتىسېر بۇ سەيلە كېمىسىنى گويا بىر دۆلەت ئورنىدا كۆرەتتى. بارلىق چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ۋە تىزگىنلىگۈچى ئۇنىڭ كۆزى ئىدى. كېمىدىكى ھەممە كىشى ئۇنىڭ رايىغا باقاتتى، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە قۇلاق سالاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ناھايىتى زور دەرىجىدە قانائەت تاپاتتى. ئۇ كىچىككىدىن تارتىپلا جاپا ـ مۇشەققەت چەككەن، سەرگەردان بولغانىدى. ئۇ خۇدالىق دەرىجىسىگە يېتىشنى ئويلىمايتتى، مەڭگۈلۈك ئىچىدە تۇرۇشنىمۇ خالىمايتتى ياكى كۆپلىگەن مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغۇسىمۇ يوق ئىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان شەرەپتىن ئۇ ئاللىبۇرۇن بەھرىمەن بولدى، ئۇنىڭ ئىلتىجا قىلىدىغىنى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقى ۋە بەختىگە ئېرىشىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمۇ، ئۇ ھېسداشلىقتا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان مۇھەببەتكە تەشنا ئىدى. لېكىن، ئۇخۇشسىزلىق ياكى كېسەل ئازابىغا دۇچار بولغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا دوست ـ يارەنلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى.

بايلىقى كۆپ بولغاچقا، ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ باياشات ياشىيالايتتى. تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە، تۇرۇش ـ قوپۇش، غىزالىنىشتىن باشقا ئىشلارغىچە، كۆپلىگەن چاكار ۋە ئالتە ـ يەتتە كاتىپ نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭغا خىزمەت

قىلاتتى. كاتىپلار ئۇنىڭ بىللە بىللە سەيلە قىلاتتى، شامالدايتتى، مۇزىكا ئاڭلايتتى، ئۇنىڭغا سۆز يەتكۈزەتتى، خاتىرە يازاتتى، بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزەتتى. بوش ۋاقتى بولسىلا ئۇ كاتىپلىرىغا ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، نېمىس تىلىدا ھېكايە، گېزىت، سىنارىيە ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى: ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇپ بەرگۈچىلەرگە بولغان تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. بىرىنچىدىن، كىتاب ئوقۇپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئاۋازى ئېنىق چىقىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى پۇلىتسېر بارلىق ئۇچۇرلارنى قۇلاقلىرىغا تايىنىپلا قوبۇل قىلالايتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ نەقەدەر جاپاكەش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئوقۇپ بەرگۈچىنىڭ تەپەككۇرى ئۆتكۈر بولۇشى، ئوقۇيدىغان كىتابنى ئۆزى ئاۋۋال ئوقۇپ چىقىپ، كىتابنىڭ مېغىزلىق يېرىنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگە قىيىن بولغىنى، ھەر كۈنى ئاخشىمى كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈش ئىدى. كاتىپ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا يۆتەلمەسلىكى ياكى خاتا ئوقۇپ سالماسلىقى كېرەك ئىدى، بولمىسا شۇئان پۇلىتسېرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايتتى، كاتىپ يەنە كىتاب ئوقۇغاچ ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى كۆزىتىشى، بارا ـ بارا ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئۇيقۇغا كېتىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. مۇبادا ئۇ ئويغىنىپ كەتسە، كاتىپنى كىتاب ئوقۇپ ئۆزىنى قايتا ئۇخلىتىپ قويۇشقا بۇيرۇيتتى.

يىللار مانا مۇشۇنداق ئۆتتۈەردى، ئىككى كۆزى كۆرمەيدىغان بۇ بوۋاي بارا ـ بارا «كىتاب ئوقۇتۇش» چېمپىيونىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ تولۇقسىز مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 21 يىل ئىچىدە، كاتىپى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۇنىڭغا 100 پارچە ئەتراپىدا كىتاب ئوقۇپ بەرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ كاتىپىقا بولغان ئېھتىياجى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئۇ ئۈزلۈكسىز تۇردە كاتىپ ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى، ئۈزلۈكسىز تۇردە يېڭى كاتىپ ۋە يېڭى

دوست تېپىپ زۇلمەت ئىچىدىكى يالغۇزلۇقنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. لېكىن، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىدى، چۈنكى ئۇ موھتاج بولغان نۇقسانسىز ئادەم بەلكىم جەننەتتىلا بولسا كېرەك.

پۇلىتسېرنىڭ مول بىلىمى ۋە كۈچلۈك خاتىرىسى ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر نەپ يەتكۈزدى. 1906 ـ يىلى پۇلىتسېر كارسىباتقا باردى، بىر كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئاتلىق سەيلە قىلىۋاتاتتى، تۇساتتىن بىرى: «جوزېف پۇلىتسېر ئەپەندى، بىرئاز توختاپ تۇرسىڭىز !» دەپ توۋلىدى. ئاللىبۇرۇن قارىغۇ بولۇپ قالغان پۇلىتسېر بۇنىڭدىن 22 يىل ئىلگىرى بىر قېتىملا كۆرگەن «ۋونامىك»نىڭ ئىسمىنى شۇئان ئاتاپ ھەممە ئادەمنى ئاڭ قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى پاراكەندىشقاندا تېخىمۇ ئىپادىلىنەتتى، ئۇ توختىماي يۇناننىڭ دېموكراتىك سىياسىتىدىن تارتىپ ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغىچە بىمالال سۆزلىيەلەيتتى.

پۇلىتسېر پۈتۈن ئۆمرىنى كۈرەش ئىچىدە ئۆتكۈزدى، ھازىرقى كۈندىمۇ، كېسەلمەن بۇ ئادەم ھەمىشە ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىۋالغان ياش ۋە جۇشقۇن ئالتە كاتىپى بىلەن بىلىم ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى جەھەتتە ئېلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالتە كاتىپى كەڭ بىلىمگە ئىگە ۋە ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، تۇغما تالانتى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆزلىرىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كاتىپلار ئىدى. ئۇلارنىڭ پۇلىتسېرنىڭ قېشىدىن كەتمەسلىكىدىكى سەۋەب يۇقىرى مائاش ئالالايدىغانلىقىدىنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ پۇلىتسېرنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىدا ئىدى. بىر قېتىم، كاتىپلاردىن بىرى ماختىنىپ شېكىسپىرنىڭ بارلىق دراملىرىنى ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈپ چىققانلىقىنى ئېيتتى، پۇلىتسېر شۇئان ئۇنىڭغا «ئۇرۇش» ئېلان قىلىپ، بۇ «ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان» كاتىپتىن يېرىم سائەت ئىچىدە

شېكىسپىرنىڭ ھەممە دراممىلىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ۋە دراممىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى، شۇنىڭدەك بەزى تەسىرلىك دىئالوگلارنى يادلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ كاتىپنىڭ بايانىدىن بىر ئابزاس تەپسىلاتنى ئاڭلىغان ھامان: «توغرا، بەشىنچى پەردە، بەشىنچى كۆرۈنۈشتىن باشلاپ يادلا...» دېدى. جىددىيلەشكەنلىكىدىن قارا تەرگە چۆمۈلگەن بۇ كاتىپ سەھنە ئەسىرىنىڭ يارىدىمىدىلا دىئالوگلارنى ناھايىتى تەستە سۆزلەپ تۈگەتتى. كەيپىياتى ئىنتايىن ياخشى ھالەتتە تۇرغان پۇلىتسېر: «قەدىر ئەھۋال، لېكىن سەن شېكىسپىرنىڭ شېئىرلىرىنى تولۇق ئوقۇغانمۇ؟» دەپ سورىدى. ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كاتىپ ئۇيۇل - تويۇل: «ياق، ئوقۇپ باقمىدىم...» دېدى.

پۇلىتسېرغا ھەمراھ بولىدىغان كاتىپلار ھەر كۈنى خوجايىنىنىڭ خىرىسىغا ئۇچراپ تۇراتتى، كىچىككىنە بىرەر سەۋەنلىكمۇ ئۇلارنىڭ ئىشتىن بوشىتىلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇلار بۇ دەۋر كاتىپىنىڭ مول بىلىمى، كىشىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان كەسىپچانلىق روھىدىن ناھايىتى زور تەربىيە ئالاتتى. ئۇنىڭ قېشىدا كۆپ يىل خىزمەت قىلغان كىشىنى ئېھتىمال ئادەتتىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولماس.

پۇلىتسېر كۆزلىرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئازاب ۋە كۆرەشنى خوتۇنى كاتىپلا ھەممىدىن ئېنىق بىلەتتى. كاتىپنى خۇدا پۇلىتسېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن پەرىزات دېيىشكە بولاتتى، ئۇ پۇلىتسېر بىلەن توي قىلىپ بىللە 35 يىل مابەينىدە، كەسىپ جەھەتتە پۇلىتسېرغا كۆز مىڭ قېتىم ئىلھام ۋە ياردەم بەرگەننىدى؛ تۇرمۇشتا پەرزەنتلىرىنى ئوبدان تەربىيىلىدى، ئۆي ئىشلىرىنى قىلدى. بولۇپمۇ پۇلىتسېر كېسەلگە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن، كاتىپ تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي

خۇشاللىق ئۆزى سۆيىدىغان ئادىمى ـــ پۇلىتسېرنى خۇشال قىلىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. كاتېر بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا ئۆز ئىززەت - ھۆرمىتىدىن كەچتى، يەنى مىجەزى غەلىتە پۇلىتسېرنىڭ زەئىپ تېنىنى نىكاھ، ئائىلە جەھەتتە كېلىدىغان زەربىگە ئۇچراتمىدى. كاتېرنىڭ ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە قارىماي ئېغىر چىلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىدەك كەچۈرمىشكە بەلكىم باشقىلار ئىشەنمەس، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە كاتىپلىرىغا ئىنتايىن ئايدىڭ ئىدى.

پۇلىتسېر بار پورتىدا پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزدى. شۇ يىلى غېرىبسىنىپ قالغان پۇلىتسېر بىر چوڭ ئائىلىگە ئىگە بولغانىدى. رالف ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، بالىسى، جوزېف ۋە ئۇنىڭ ئايالى، قىزلىرى ئېدىت، كونىستانس، كىچىك ئوغلى خېربېرتلار پۇلىتسېر ئەر - خوتۇننىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. پۇلىتسېر جىمى ياشانغانلاردەك ئەۋرىلىرىگە ئىنتايىن ئامراق ئىدى، شۇنداق بولغاچقا، خېربېرت ۋە كىچىك نەۋرىسى پۇلىتسېرنىڭ زېرىكمەيدىغان پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالغانىدى.

ئۆمرى ئاز قالغان پۇلىتسېرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى تىپتىنچ ئۆتكۈزگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ «دۇنيا گېزىتى»گە توختىماي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى يولىيورۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. پۇلىتسېرنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغان بىلەن «دۇنيا گېزىتى» يەنىلا راسا روناق تېپىۋاتاتتى، گېزىت ھېلىھەم پۇلىتسېر 1883 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان گېزىت باشقۇرۇش ئاساسىي مەقسىتى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى ساقلاۋاتاتتى. بۇ گېزىت كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلەرگە تويۇنغان بولۇپ، ئۇ تەشەببۇس قىلىدىغان ئىسلاھات جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد، ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش روھى ھەربىر ئامېرىكا پۇقراسىنى ئەركىنلىك، دېموكراتىيىگە

قاراپ ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇراتتى.
هايات شامى ئۆچۈش ئالدىدا، ئۇنىڭ «سايلام كېسەلى» ئاخىرقى قېتىم قوزغالدى. پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان 1912 ـ يىلى سايلام يىلى ئىدى. ئەينى يىللاردا بىر زوڭتۇڭنى تاللاپ سايلاش كۈچلۈك ئىستىكى بىلەن يانغان پۇلىتسېردا هازىر شۇ چاغدىكىدەك ئوتتەك قىزغىنلىقتىن هېچقانچە قالمىغانىدى. ئۇ پەقەت ئادىل، دېموكراتىك يوسۇندا دۆلەتكە، دېموكراتلار پارتىيىسىگە ۋە ئامېرىكىغا پايدا يەتكۈزەلەيدىغان زوڭتۇڭنى سايلاشنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى ۋىلسوننىغا تولىمۇ قايىل ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ سايلىنىشىغا زور ئۈمىد باغلىدى، ئۇ «دۇنيا گېزىتى»گە 1912 ـ يىللىق چوڭ سايلامدا ۋىلسوننى كۈچىنىڭ بارىچە قوللاش ھەققىدە يوليورۇق بەردى.
1911 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىردە پۇلىتسېرنىڭ ئىككىنچى نەۋرىسى تۇغۇلدى، يېڭى هاياتلىقنىڭ كونا هاياتلىقنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇقەررەر ئىش. كىشىلىك هاياتتا ئادەمنىڭ قېرىشى ئاسان، لېكىن ئىشلارنىڭ تەكتىگە يەتمىكى تەس. پۇلىتسېر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ هايات مۇساپىسىنى ئەسكە ئالغىنىدا، بۇ دۇنيانىڭ بىر مېهمانخانا ئىكەنلىكى، جىمى ئادەمنىڭ بۇ مېهمانخانىدىن ئالدىراشلىق بىلەن كېتىپ قالىدىغان ئۆتكۈنچىلەر ئىكەنلىكىنى، خېستېر، روزۋېلت، جۇملىدىن ئۆزىمۇ هامان بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى، لېكىن بىر خىل روھقا ئايلانغان «دۇنيا گېزىتى»نىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.
1911 ـ يىلى 27 ـ ئۆكتەبىردە غايەت چوڭ، ئاق رەڭلىك «ئەركىنلىك» ناملىق سەيلە كېمىسى چارلېستون پورتىدىكى دېڭىز يۈزىدە ئاستا كېتىۋاتاتتى. كېمە ئاۋۋالقىدەكلا بولۇپ، ھەشەمەتلىك، سالاپەتلىك كۆرۈنۈشنى يوقاتمىغانىدى.

بۇرۇنقىدەكلا بىمالال ئۇزەتتى. لېكىن، بۇ كېمىنىڭ خوجايىنى بولسا سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. پۇلتسېر ئاخىرقى قېتىم كاتىپىغا بىر ياخشى كىتابنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

بۇ جەڭگىۋار كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى: «بوشراق ئوقۇڭ، يەنىمۇ بوشراق...» دېگەن سۆزى بولدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت 1لەر ئەتراپىدا، جوزېف پۇلتسېر ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كەلگەن خوتۇنى كاتېرنىڭ قۇچىقىدا خاتىرجەم يېتىپ، ئۆزىگە شان ـ شەرەپ ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئەكەلگەن بۇ پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى.

## پۇلىتسېر يىلنامىسى

1847 ـ يىلى 10 ـ ئاپرېل ۋېنگرىيىنىڭ چېتىگە جايلاشقان ماكو بازىرىدا تۇغۇلغان.

1853 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بۇداپېشت شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن، بۇ شەھەردە ئۇ ياخشى تەربىيە ئالغان.

1864 ـ يىلى ئاتلانتىك ئوكياندىن كېسىپ ئۆتۈپ ئامېرىكىغا كەلگەن، سېنتەبىردە لىنكولىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىغا قاتناشقان.

1865 ـ يىلى قىسمىدىن چېكىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇب شتاتلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن.

1868 ـ يىلى «غەرب پوچتا گېزىتى» گە مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلىنغان.

1872 ـــ 1873 يىللىرى «غەرب پوچتا گېزىتى»نى سېتىۋېلىپ ۋە سېتىپ 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاپقان.

1878 ـ يىلى كاتېر داۋس بىلەن توي قىلغان.

1878 ـ يىلى «تېلېگراف خەۋەرلىرى گېزىتى» ئىدارىسىنى 2500 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان، كېيىنچە «پوچتا خەۋەرلىرى گېزىتى» ئىدارىسىنىمۇ سېتىۋالغان.

1883 ـ يىلى ئاپرېلدا «دۇنيا گېزىتى» ئىدارىسىنى سېتىۋالغان.

1890 ـ يىلى كېسەل سەۋەبىدىن «پېنسىيىگە چىققان»لىقىنى جاكارلىغان.

1911 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىردە «ئەركىنلىك» ناملىق سەيلە كېمىسىدە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

[General Information]
书名=报界君王—普拉策　维吾尔文
SS号=40256065